باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن

# تىل-ئەدەبىيات

2-يىللىق 1-قىسىم

تۈزگۈچى: لوقمانجان ھىرائى

ھىرا مائارىپ نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى:
نىجات ئۈمىدۋار

ھىرا مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى

2018-يىلى 4-ئاي

# كىرىش سۆز

نۆۋەتتە بىز ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر دەۋىردە، دۇنيادىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن توختاۋسىز كۆرەش قىلىۋاتقان بىر جەمئىيەتتە ياشىماقتىمىز. بۇ توختاۋسىز كۆرەشتە ئۆزۈپ چىققان ۋە چىقىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرلا ئوخشاش ئەندىزىسى، مۇستەقىل ۋە زامانىۋى «مائارىپ» تىن ئىبارەت بۇ تۈلپارغا مۇستەھكەم مىنگىشىپ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ ئۆزىنى ۋە كەلگۈسى ئەۋلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇل سېلىش بىلەن ئىپادىلەنمەكتە. دەل شۇنداق، بىز ـ ئۇيغۇرلار ھەم كېيىن قالماسلىقىمىز ۋە پۈتۈن كۈچىمىزنى مائارىپقا بېغىشلىشىمىز كېرەك. مائارىپتا بىزنىڭ ۋاقتىلىق كېيىن قېلىشىمىز ئەسلا مەڭگۈ كېيىن قالدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. توختىماستىن ئالغا ئىلگىرلەش ۋە ئىزدىنىش روھىمىز ئۇلۇغۋار پىلانلىرىمىزنىڭ بىخى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بۇ بىر يۈرۈش «تىل-ئەدەبىيات» دەرسلىكى، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن سىستېمىلىق ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك بوشلۇقنى قىسمەن تولدۇرۇشا دېگەن مەقسەتتە تۈزۈلدى.

مەزكۇر كىتاپ ئۇيغۇر ئانا تىل جەھەتتە بەلگىلىك سەۋىيە ھازىرلىغان ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ماس كېلىدىغان بولۇپ، ئابدۇۋەلى ئايۇپنىڭ «ئانا تىل دەرسلىكى» كىتابىنىڭ داۋامى شەكلىدە تۈزۈلگەن. «ئانا تىل دەرسلىكى»نى تاماملاپ بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىك قىلىشىغا ماس كېلىدۇ.

كىتاپقا يەنە گەرچە يۈرەك-پارىلىرىمىزنىڭ جىسمى چەتئەللەردە بولسىمۇ، روھى ئانا تۇپراق قىرلىرىدا ئەللەيلىنىپ، بۇ مۇقەددەس ئانىغا بولغان سۆيگۈ ۋە ساداقەتمەنلىكىنىڭ پىداكىرانە روھىنى جەۋلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىسىمىزدە ئانا ۋەتەنىنىڭ ئىللىق ھىدى يىراقتىن پۇرىتىلدى.

بارلىقىمىز ۋە بايلىقىمىز بولغان ئىسلام مەدىنىيىتىنى ۋە مېھرىبان ئالاھنىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان چەكسىز رەھمىتىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، كۆڭۈلكە ئاخىرلىرىغا دەرسكە مۇناسىۋەتلىك بىر-ئىككى ئايەت ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ يادىلاپ ئۆزىگە تەدبىقلىشى ئۈچۈن بېرىلدى ۋە يەنە شۇنداقلا كىتابنىڭ ھەربىر بابىدا ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆز ئانا تىل گىراماتىكىمىزدىن ئاساس تىكلىيەلىشى ئۈچۈن ئاددى ۋە چۈشىنىشلىك شەكىلدە «ئۇيغۇر ئانا تىل بىلىملىرىدىن ئاساس»پارچىسى كىرگۈزۈلدى.

ئاخىرىدا مۇھىم دەپ قارالغان مەزمۇنلار «بىلىۋېلىڭ»، «يادلىۋېلىڭ» شەكلىدە ئەستە تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن بېرىلدى.

چەكلىك بىر سەۋىيە بىلەن تەخىرسىز بىر خىزمەتكە جەسۇرانە بەل باغلاپ يولغا چىققۇق. نۇرغۇن سەۋەنلىكلەرنىڭ بولۇشى تۇرغانلا گەپ. قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بايقىغان مەسىلىلەرگە قىممەتلىك تەكلىپ-پىكرلەرنى بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

مېھرىبان ئاللاھ سەھۋەنلىكلىرىمىز بولسا ئەپۇ قىلغاي!

ھۆرمەت بىلەن: لوقمانجان ھىرائى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## ئاللاھنىڭ رەھمىتى گۈزەل تەبىئەت

1-دەرس زۇمرەت كۆل........................................................11
2-دەرس چوراقتەپە غارى........................................................13
3-دەرس تاغدىكى دوستلىرىمنى زىيارەت..........................................16
4-دەرس تاغ يامغۇرى........................................................19
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس..........................22
ئىشلەپ بېقىڭ........................................................22
ئاساسى مەشىق........................................................23
يادلىۋالاي بالىلىق چاغلار........................................................24

## ئىككىنچى بۆلەك

## جان-جانىۋارلار دۇنياسى

5-دەرس ئۆيگە كىرىۋالغان تىيىن........................................................27
6-دەرس كېپىنەك........................................................30
7-دەرس شىر بىلەن بۇغا........................................................32
8-دەرس تۆگە........................................................34
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس..........................36
ئىشلەپ بېقىڭلار........................................................37
بېلىۋېلىڭ........................................................37

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسى مەشىق..............................................38

## ئۈچىنچى بۆلەك

## گۆھەر زېمىن

9-دەرس قەشقەر سۈرەتلىرى..............................................41
10-دەرس ۋەتىنىم..............................................44
11-دەرس باغداشقا سەپەر..............................................46
12-دەرس تەڭرىتاغ..............................................50
ۋەتەن مۇھەببىتى..............................................52
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس..............................................54
ئىشلەپ بېقىڭلار..............................................55
ئاساسى مەشىق..............................................57
يادلىۋالاي تەڭرىتاغقا سۇئال..............................................59

## تۆتىنچى بۆلەك

## پەخرىم مېنىڭ-ئەجدادلىرىم

13-دەرس مەھمۇد قەشقەرى..............................................61
14-دەرس يۈسۈپ خاس ھاجىپ..............................................64
15-دەرس ئابدۇقادىر داموللام..............................................67
16-دەرس سادىر پالۋان..............................................70
ئۇستازنى ئەسلەش..............................................73
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس..............................................76
ئىشلەپ بېقىڭلار..............................................77

ئاساسى مەشىق.......................................................78

ئەلۋىدا ئۇستاز.......................................................80

## بەشىنچى بۆلەك

## ھىكايە-چۆچەكلەر

17-دەرس ئەقىللىق بالا.......................................................83

18-دەرس زەرگىيا.......................................................86

19-دەرس ساپال كومزەك بىلەن تۆمۈر كومزەك.......................................................98

20-دەرس مەندىن قورقىدۇ.......................................................101

قورسىقىمنى تويغۇزۇپ كىلەي.......................................................103

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس.......................................................104

ئاساسى مەشىق.......................................................106

يادلىۋالاي توخۇ بىلەن ئۆردەك.......................................................108

## ئالتىنچى بۆلەك

## ئىلىم-پەن باغچىسى

21-دەرس ئالەم بوشلۇقىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار.......................................................110

22-دەرس تۇنجى ئۇچقۇچى.......................................................112

23-دەرس ئۇچار ئاپتۇموبىل.......................................................114

دانىشمەن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى.......................................................116

ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس.......................................................117

ئاساسى مەشىق.......................................................119

بىلىۋېلىڭ.......................................................120

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يادلىۋالاي    بىلىم ئىشقىدا.........................................121

## يەتتىنچى بۆلەك

## كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە

24-دەرس    ھەسەل ھەرىسى.........................................123
25-دەرس    گۈل سائەت.........................................125
26-دەرس    پەرشتىنىڭ ئاۋازى.........................................128
27-دەرس    ھەدىستىكى مۆجىزە.........................................131
گۈللەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى.........................................133
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس.........................................134
ئىشلەپ بېقىڭلار.........................................135
ئاساسى مەشىق.........................................135
بېلىۋېلىڭ.........................................138
يادلىۋالاي    بال ھەرىسى.........................................138

## سەككىزىنچى بۆلەك

## نۇر چېچىۋاتقان ئىسلام ئەخلاقى

28-دەرس    ياخشىدىن باغ قالىدۇ.........................................141
29-دەرس    ھېيت كۈنى.........................................143
30-دەرس    مېنىڭ دىنىم.........................................146
31-دەرس    ئىسلام ئەخلاقى.........................................147
ئەڭ خاسىيەتلىك سۆز.........................................153
ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس.........................................154

ئىشلەپ بېقىڭلار.........................................................155
ئاساسى مەشىق.........................................................157
بېلىۋېلىڭ.........................................................160
يادلىۋالاي قايتا تۈرەلسەم.........................................................161

www.uyghurkitap.com




# ئاللاھنىڭ رەھمىتى گۈزەل تەبىئەت

ئەتراپىقا باققىنىمىزدا ئېرىق-ئۆستەڭلەردە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلار، رەڭگارەڭ گۇللەر، ناۋا ئەيلەپ سايرىشىۋاتقان قۇشلار، بۇك-باراقسان قارغايلاردىن يېشىل لىباس كىيگەن تاغلارنى كۆرگەن ھەر بىر مىنۇتىمىزدا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ چەكسىز كۈچ-قۇدرىتى ۋە نۇقسانسىز يارىتىش سەنئىتىگە شاھىد بولىمىز.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەر ئارقىلىق كەڭرى تەبىئەت قوينىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، گۈزەل تەبىئەتتىن ھوزۇر ئالىمىز. ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىپ ئۇنىڭ قوينىدىكى ھەر بىر يارىتىلىشنىڭ نۇرغۇن ھېكمەتلەر بىلەن تولغانلىقىنى بىلىۋالىمىز.

﴿ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە ،ئاللاھ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ھايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرىشىدا، ئاسمان-زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر.﴾

-سۈرە بەقەر:164-ئايەت



# 1 ـ دەرس

## زۇمرەت كۆل

يازلىق تەتىل كۈنلىرىنىڭ بىرى، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى سايرام كۆلىگە باردۇق. ئاپتوبۇس كەڭسايىنى بويلاپ مېڭىپ تەلكە داۋىنىدىن تۆۋەنلىشىگە، ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر :«سايرام، سايرام كۆلى!»دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. بىز بۇ يەردە ئاپتوبۇستىن چۈشتۇق. كۆز ئالدىمىزدا بىپايان كۆك «دېڭىز»يېيىنىك چايقىلىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكتىكى بۇ مەنزىرە كىشىنى تولىمۇ مەھلىيا قىلاتتى.

بىز يۈگۈرگىنىمىزچە كۆل بويىغا باردۇق. كۆك ئاسماندا لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلار زۇمرەتتەك كۆل سۈيىدە ئەكس ئېتىپ، توپ-توپ ئاققۇلار ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. تاغ شاملى كۆل سۈيىنى سۆيۈپ ئۆتكەندە، سۇ يۈزىدە قات-قات يېنىك دولقۇنلار پەيدا بولاتتى. سۇ بىردەم كۈمۈش رەڭدە، بىر دەم يېشىل رەڭدە چاقنايتتى. يەنىمۇ يىراققا قارىغۇدەك بولساڭىز، بېلىقلار ئەركىن ۋېلتىڭلاپ ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. كۆل شاۋقۇنى بىزگە گەپ قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق پىچىرلايتتى. سىڭلىم ئىككىمىز كۆل سۈيىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈزىمىزنى يۇيدۇق.

دادامنىڭ ئېيتىشىچە، سايرام كۆلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90 مېتىر كېلىدىكەن، كۆلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 23 كىلومېتىر ئىكەن.

بىز كېمە توختىتىش مەيدانىغا كەلدۇق. كاتېرغا چۈشۈپ ئويىندۇق. كاتېر ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، بىز كۆلىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلماقتىمىز.

كاتېر كۆلنى بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىرغاققا قايتتى. كاتېردىن چۈشۈۋېتىپ، كۆل گىرۋىكىدە لەيلەپ تۇرغان مېنىرال سۇ بوتۇلكىسىنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى ئېلىۋەتتىم. دولقۇن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ماڭا سۇ چاچراتتى. بۇنى كۆرگەن سىڭلىم قاقاھلاپ كۈلۈپ:

ـ ئاكا، كۆل ساڭا رەھمەت ئېيتىۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## كۆنۈكمە

1- تېكستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2-تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بېلىۋېلىڭلار.

مەھلىيا        كاتېر        زۇمرەت        شاۋقۇن        مېنىرال سۇ

______        ______        ______        ______        ______

3-تۆۋەندىكى مىساللارغا ئاساسەن جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

سۇ بىردەم كۈمۈش رەڭدە، بىردەم يېشىل رەڭدە چاقنايتتى.

.........................بىردەم .............، بىردەم.................................. .

كاتېر ئۇچقاندەك ئىلگىرلىمەكتە ئىدى.

.......................ئۇچقاندەك...................................... .

كاتېر كۆلنى بىر ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن قىرغاققا قايتتى .

.................................دىن كېيىن..................................... .

4-كۆپچىلىككە سۇنى بۇلغاشنىڭ زىيىنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

5-ۋەتىنىمىزدىكى چوڭ كۆللەردىن يەنە قانچىنى بىلىسىلەر؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.

6-سۈرە «بەنى ئىسرائىل»نىڭ 70-ئايىتىنى ئوقۇڭلار ۋە ئۇيغۇرچىسىنى يادلىۋېلىڭلار.

# 2ـ دەرس

## چوراقتەپە غارى

ئىمىر سەھەردە دادىسى بىلەن بىللە مەكتەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئىيۇن ئېيىنىڭ تۇنجى ھەپتىسى دەم ئېلىش كۈنىنى مەكتەپتىكى ئىزچىلار ئەتىرىتى بىلەن بىرلىكتە يازلىق لاگېرىدا ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. ئىمىر مەكتەپكە يېتىپ كەلگەندە، لاگېر ئاپتۇبۇسى ئاللىقاچان كەلگەن ۋە تەييارلىقلار تەق بولۇپ بولغان ئىدى. ئاپتۇبۇس بىردەمدىن كېيىن لاگېرغا قاراپ قوزغالدى.

يازلىق لاگېر پائالىيىتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ئىسمائىل مۇئەللىم  ئاپتۇبۇسنىڭ مىكروفونىدا ئوقۇغۇچىلارغا بۇ قېتىمقى پائالىيەت توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدى:

ـساۋاقداشلار، مەن ئالدى بىلەن سىلەرگە بۇ قېتىمقى پائالىيىتىمىزنىڭ سىلەرنىڭ نەزەر دائىرەڭلارنى كېڭەيتىشنى مەقسەت قىلغان بىر كۆڭۈللۈك ساياھەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى. كۆرمىگەن يەرلەرنى كۆرىمىز، قاينام-تاشقىنلىققا تولغان چوڭ شەھەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىدىن يىراقلىشىپ، جىمجىت سەھرادا كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئۆتكۈزىمىز. ئاپتۇبۇس بىزنى قارىغايلىق ۋە يايلاق رايونىدىكى لاگېرغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىز ئۇ يەردە چېدىر تىكىپ، ئويۇن ئوينايمىز.

ساياھىتىمىزنىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئىككى سائەت پىيادە يول مېڭىپ، چوراقتەپە ئېگىزلىكىدىكى  قەدىمى زامانغا ئائىت رەسىملەر ساقلانغان قەدىمى غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئېكىسكۇرسىيە قىلىمىز. سىلەرنىڭ قائىدىلەرگە ئاڭلىق رىئايە قىلىشىڭلارنى، كوللېكتىپتىن ھەرگىز ئايرىلماسلىقىڭلارنى ۋە مۇھىتنى پاكىزە تۇتۇشقا دىققەت قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، مۇھىت بىزگە ئامانەتتۇر. ئۇنى كىر، مەينەت قىلماي، پاكىزە ھالدا كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزدىن بىرىدۇر.

ئاپتۇبۇس بىر يېرىم سائەتتىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن لاگېرغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئالدى بىلەن چېدىر تىكىدىغان يەرنى تاللىدى. ئوقۇتقۇچىنىڭ ياردىمىدە چېدىرنى بىردەمدىلا تىكىپ بولدى. قازان-قومۇچ ۋە ئاسان يۆتكىگىلى بولىدىغان ئۈستەللەر ئەڭ چوڭ چېدىرنىڭ ئىچىگە قويۇلدى.

---

ئاپتورى :ھەسەن تەھسىن قارامان(قىسقارتىپ ئېلىندى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەترەت باشلىقى ئىسمائىل مۇئەللىم پۇشتەك چېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى چاقىردى:

-ساۋاقداشلار، ھازىر سائەت ئون بىر بولدى. چۈشلۈك تاماق سائەت بىردە. يىراققا كەتمەي مۇشۇ ئەتراپتا خالىغانچە پائالىيەت قىلساڭلار بولىدۇ. چۈشلۈك تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئۈچ كىشى قېلىپ ماڭا ياردەملەشسۇن!

باللار بۇ كەڭرى يېشىللىقتا قىن-قىنىغا پاتماي يايراپ، ئۆز-ئارا گۇرۇپپا بولۇشۇپ ئويۇن ئويناشقا باشلىدى. ئەتىيازنىڭ سېخى قۇياشى، قۇشلارنىڭ نەغمە-ناۋالىرى ۋە بۈك-باراقسان قارىغاي دەرەخلىرىنىڭ ئۆزگىچە پۇرىقى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئويۇن ئويناش بۇ باللار شەھەرلەردە تاپالمايدىغان چوڭ بىر نېئمەت ئىدى.



شادلىققا چۆمگەن بۇ باللار بۇلاق سۈيىدە بەس-بەستە يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چوڭ چېدىرغا كىرىپ، تاماق ئۈستىلىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقلارغا كىلىپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ قورساقلىرى بەكلا ئېچىپ كەتكەنىدى. ئۆيدە ئەركىلەپ، تاماق يېگىلى ئۇنىماي، ئاتا-ئانىسىنى يالۋۇرتىدىغان بۇ باللار تەخسىدىكى تاماقلارنى پاك-پاكىزە يەۋەتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن يېشىل چىملىقلارنىڭ ئۈستىدە، بۇ گۈزەللىكلەرنى ياراتقان ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا پېشىن نامىزىنى ئوقىدى. كىچىك ئىزچىلار ئىسمائىل

مۇئەللىم بىلەن بىرلىكتە ئاخشامغىچە ئورمانلىقتا كەزدى. لاگىرغا قايتىدىغان چاغدا ئاخشاملىققا چېدىرنىڭ ئالدىدا ياقىدىغان گۈلخان ئۈچۈن ئوتۇن تېرىپ مېڭىشنىمۇ ئۇنۇتمىدى. كۈن پېتىشتىن ئىلگىرى نۆۋەتچى ئوقۇغۇچىلار ئەتكەن كەچلىك تاماقنى يېدى. ناماز شامنى ئوقۇغاندىن كېيىن چېدىرنىڭ ئالدىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان باللار نۆۋەت بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشكە باشلىدى. بەزىلەر ناخشا-قوشاق ئېيتتى. بەزىلەر قىززىق يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بەردى. بەزىلەر خىلمۇ-خىل ئاۋازلارنى دوراپ، ساۋاقداشلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرىۋەتتى. ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمەيلا قالدى. چېكەتكىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاچ يوتقان-كۆرپە ئىچىگە كىرىپ ياتقان باللار ناھايىتى تېزلا ئۇخلاپ قالدى.

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى ھېسسىياتلىق، راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2-ئوقۇغۇچىلار ساياھەت قىلغان ۋاقىت قايسى پەسىل؟ قايسى ئاي؟

3-ئون ئىككى ئاينىڭ ئىسمىنى يادلىۋېلىڭلار .

4-بىزنىڭ مۇھىت ئالدىدا قانداق ۋەزىپىمىز بار؟ مۇھىت ئاسراش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟

5-سەھرانىڭ قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى بار؟

6-ئۆزىڭىز ساياھەت قىلغان بىرەر ئورۇننى ساۋاقداشلىرىڭىزغا سۆزلەپ بېرىڭ.

7-تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىداش سۆزىنى يېزىڭ:

(1)جىمجىت................ (2)قەدىمىي.........................

(3)رىئايە قىلىش..................... (4)گۈلخان..........................

(5)ئېكىسكۇرسىيە..................... (6)ماھارەت........................

(7)سېخى....................... (8)تۇنجى...........................

8-سۈرە «سەبەئ»نىڭ 18- ئايىتىنى ئوقۇڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا ئۇيغۇرچە مەنىسىنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

## 3- دەرس

# تاغدىكى دوستلىرىمنى زىيارەت

ئىشىكتىن چىقىشىمغىلا گۈل - چېچەكلەرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرغان مەيىن شامال ئۇرۇلۇپ، بۆلەكچە يايراپ كەتتىم. ۋاھ، نېمىدېگەن گۈزەل سەھەرا!

ماشىنىغا ئولتۇرماي، سوۋغاتىمۇ ئالماي، ئاجايىپ خۇشال كەيپىياتتا خىلۋەت يوللارنى يالغۇز بېسىپ دوستلىرىمنى يوقلاپ كەلگىلى ماڭدىم.



ئاۋۇ قەدىمىي كۆۋرۈك مەن يوقلىماقچى بولغان تۇنجى دوستۇم، ئەي ھۆرمەتلىك مويسىپىت كۆۋرۈك، سېنىڭ بۇ جىلغىدىكى ئېقىن ئۈستىدە تۇرۇۋاتقىنىڭغا نەچچە يۈز يىل بولغاندۇ؟ سەن قانچىلىغان ئادەم ۋە ئۇلاغلارنى قارشى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويغان. ئۆركەشلىك ئېقىن يىراق- يىراقلارغا كېتىدۇ، لېكىن سەن سۇدىكى ئادەم، بېلىق، ئايلارنىڭ شولىسىغا قاراپ تۇرغىنىڭ تۇرغان. تالاي يىللار ئۆتۈپتۇ، تالاي ئېقىنلار ئېقىپتۇ، لېكىن سەن يەنىلا پېتىڭدىن چۈشكىنىڭ يوق.

ئورمانلىقتا كىرگەنىدىم، قۇشلار ئىسمىمنى چاقىردى، شەبنەملەر كۈلۈپ قاراشتى. دەرەخلەر يېقىنچىلىق قىلىپ، پايانسىز يېشىللىق كەڭ قۇچاق ئاچتى. بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە جىمجىت ئولتۇرۇۋېتىپ، ئۆزۈمنىمۇ دەرەختكە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. مانا ئاياغلىرىم تۇپراققا يىلتىز تارتماقتا. چاچلىرىم بۈككىدە يوپيۇرماقلارغا، قوللىرىم شاخلارغا ئايلانماقتا. قېنىم دەرەخ شىرنىسىگە ئايلىنىپ، يىل ھالقىلىرىنى بويلاپ ئايلانماقتا، ئاقماقتا.

بۇ تاغدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا مېنىڭ دوستۇم، مانا، ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلاشماقتىمەن: سالام، ئەي زۇمرەت بۇلاق! سۈزۈك سىنئەينەككە ئوخشىشىڭ مېنى ئوبدان تارىنىۋالسۇن دېگىنىڭمۇ؟ سالام، ئەي شىر-شىر ئېرىق! شوخ شىرىلداشلىرىڭ مېنى قوشاق توقۇسۇن دېگىنىڭمۇ؟ سالام، ئەي شارقىراتما! سېنىڭ شاۋقۇنلۇق ئاۋازىڭ بەئەينى جەسۇر بوۋىلارنىڭ مەردانە ئاۋازىنىڭ ئۆزى. سالام، ئەي تىك قىيالار، چوڭقۇر جىلغىلار سېنىڭ قەددىڭنى تىرەر، كۆككە تاقاشقان پېشانەڭدە ئەقىل-پاراسەت جىلۋىلىنەر. سالام، ئەي يىراققا ئۇچقان ئاپئاق بۇلۇتلار، سىلەرنىڭ پاك ۋۇجۇدۇڭلار كۆككە خاتىرجەملىك بەخش ئېتىپ، ئۇنى تېخىمۇ كۆك كۆرسىتىدۇ. ھەي بەڭباش بوز تورغايلار، چۇۋۇرلىشىپ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ بىلدىم، سىلەر ئۇچۇۋېتىپ كۆرگەن گۈزەل مەنزىرىلەر ھەققىدە پاراڭلىشىۋېتىپسىلەر.

بىر تال گۈلدىن ئانا تەبىئەتنىڭ خۇش ھىدىنى پۇرىدىم. بىر تال خازاننى تېرىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۇششاق سىزىقچىلىرىدىن ھاياتلىقنىڭ سىرىنى كۆرۈپ يەتتىم. بىر تال تاشنى ئېلىپ يېنىككىنە چەكتىم- دە، ئۇنىڭدىن يىراق قەدىمكى دەۋرىدىكى يانار تاغلارنىڭ پارتىلىشىنى، ۋاقىتنىڭ بەھەيۋەت ئەكس ساداسىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

تۇيۇقسىز گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى، يامغۇر تاراسلاپ تۆكۈلمەكتە. مەن قىيا تاشنىڭ دالدىسىدا يامغۇرنى تاماشا قىلماقتىمەن.

يامغۇر توختىدى، خىلۋەت جىلغىدا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، بۇلۇتلۇق داۋانلاردىن توپلىشىپ قايتقان قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدىم. ئەمدى ئۆيگە قايتمىسام بولماس.

شۇ ئۆيدا تاغدىكى دوستلىرىم بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتىم- دە، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە، تاتلىق ئەسلىمىلەر ۋە گۈزەل ئاي نۇرىنى قەلبىمگە پۈكۈپ ئۆيگە قايتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## كۆنۈكمە

1- ئاپتۇرنىڭ «تاغدىكى دوستلىرىم» دېگىنى نېمىلەرنى كۆرسىتىدۇ؟

2-ئاپتۇرنىڭ تاغدىكى دوستلىرىدىن قانچىنى سانىيالايسىلەر؟

3-تېكىستنىڭ «يامغۇر توختىدى» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

4-تەبىئەت ھەققىدە بىلىدىغانلىرىڭلارنى ساۋاقداشلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

5-تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان سۈپەتلەرنى قويۇڭلار.

(مەيىن) شامال (خۇشال)كەيپىيات

( )ئېقىن ( )يېشىللىق ( )يۇپۇرماق

( )بۇلاق ( )بۇلۇت ( )سەھەر

( )كۆۋرۈك ( )جىلغا ( ) ئەسلىمە

( )تاش ( )تاغ ( )مەنزىرە

6-سۈرە «نەھل»نىڭ 15- ئايىتىنى ئوقۇڭلار ۋە ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى يادلىۋېلىڭلار.

________________________________________

________________________________________

________________________________________

________________________________________ .

# 4-دەرس

## تاغ يامغۇرى

سەھەر ئويغىنىپ تالاغا چىقتىم، جىلغىلاردا تۈنۈگۈنكى تۇماندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بالقىۋاتقان تاڭ قۇياشى يىراقتىكى قاتمۇ-قات چوققىلارنىڭ كەينىنى ئالتۇن نۇرغا چۈمكىگەنىدى. تال-تال قىزغۇچ، سېرىق نۇرلار خۇددى چوققىلارنىڭ كەينىدىن كۆككە تارتىلغان زەر يىپلاردەك جىمىرلايتتى.

ناشتىدىن كېيىن قارا ئۆينىڭ تۆڭلۈكى يېپىلىپ، شىرداق ئىشىك تۈرمەكلەندى. شۇئان سوغۇق نەم ھاۋادىن تەنلىرىمىز شۈركەندى. «تۈنۈگۈن كۆڭلەكچان يۈرگەنىدۇق، بۈگۈن قىشقا كىرىپ كېتەمدۇق نېمە؟!»دېدى بۇرادىرىم. «يامغۇر ياغقۇدەك »دېدى تاغچى.

مەن ئۆيدىن چىقتىم، بايىلا سۈپسۈزۈك تۇرغان ھاۋا تۇمانلاشقان، ئاسماننىڭ شەرقى ئوچۇق، غەربى تۇتۇق بولۇپ، قارا بۇلۇتلار بىلەن تولغانىدى. دىگەندەك يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. بىر تامچە، ئىككى تامچە، ئۈچ تامچە... گۈل-گىياھ، دەل —دەرەخ، ئۇچار قانات، تاغۇ-تاش، ئات-ئۇلاغ، قاپلان، بۆرە، بۇغا-جەرەن، قۇلۇلە، چۈمۈلە، ئۆمۈچۈك ۋە شەپەرەڭلەر يامغۇر تامچىلىرىنى سانىماقتا...

ئەتراپ يامغۇر ئاۋازى بىلەن تولدى: «توكۇر-توكۇر»، «تاراس-تاراس»، «شار-شار»... يامغۇر بارغانسېرى كۈچەپ «ئۈنلەش»كە باشلىدى. مەن يامغۇرنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماقتىمەن، خۇددى ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەكچى بولغاندەك...

يامغۇر نېمە دەۋاتقاندۇ؟ «مەن ئۆسۈملۈكلەرگە جان بېرىۋاتىمەن، مەن بولمىسام...»دەۋاتامدىغاندۇ؟ «مەن ناخشا ئېيتىۋاتىمەن، مېنىڭ ناخشام يېقىملىق...»دەۋاتامدىغاندۇ؟ يامغۇر ئۇنداق دېمەيدۇ، ئۇ پەقەت «مەن يېغىۋاتىمەن»دېمەكچى. توغرا، ئۇ شۇنداق ساددا، شۇنداق غەرەزسىز سۆزلەيدۇ.

ئوت-چۆپ ئۈستىدىن قاڭقىغان تامچىلار سۈس نۇردىمۇ «ۋاللىدە»بىر چاقنىۋېتىپ، گۈل-چېچەكلەر غايىپ بولماقتا. چىغىر يولغا چۈشكەن يامغۇر يېغىلىپ ئېقىن بولۇپ، سانسىز كۆپۈكچىلەرنى كۆتۈرگىنىچە يانتۇلۇققا قاراپ ئاقماقتا.

---

ئاپتورى :زاماندىن پاكزات (ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com



يامغۇر سانسىز يۇمران بارماقلىرى بىلەن تاغنىڭ خىلمۇ-خىل چالغۇلىرىنى يېقىملىق مېلودىيەلەرگە چالماقتا؛ گۈل-گىياھلارنىڭ ياپراقلىرىنى چېكىپ، ئۇلارغا ئەللەي كۈيىنى ئاڭلاتماقتا؛ دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىنى چېكىپ ئۇلارغا بالىلىقتىكى بايرام كۈنلىرىنى ئەسلەتمەكتە؛ سوغۇق تاشلار يامغۇرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئويغا پاتماقتا، قەلبى ئېرىمەكتە...

يامغۇر مېلودىيەسى ئورۇنلانماقتا. مەن، گۈل-گىياھ، ھايۋانات، دەل-دەرەخ، تاغۇ-تاشلار... ئۇنى ئاڭلىماقتىمىز!

يامغۇر قانغۇچە ياغقاندىن كېيىن ئاستا-ئاستا پەسلەپ چىپپىدە توختىدى. جاھانغا تارتىلغان پەردە قايرىلىپ، يىراق-يېقىندىكى قارىغايلار كۆرۈندى. سائەتكە قارىدىم، يېرىم سائەتمۇ ئۆتمەپتۇ. يامغۇر توختىدى، پەقەت دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرىغا ئېسىلىپ قالغان مەرۋايىتتەك تامچىلارنىڭ قارا تۇپراققا بىردىن-بىردىن چۈشكەن ئاۋازى نېرىدىن ئورمان پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيغۇ بەرمەكتە.

## كۆنۈكمە

1ـ تېكستنى ھېسياتلىق ئوقۇڭلار ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسنى يادلىۋېلىڭلار .

2ـ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار .

يامغۇر نېمە دەۋاتقاندۇ؟ «مەن.........................................، مەن...............» دەۋاتامدىغاندۇ؟ «مەن...................، مېنىڭ...................» دەۋاتامدىغاندۇ؟ يامغۇر ئۇنداق دېمەيدۇ، ئۇ پەقەت «مەن يېغىۋاتىمەن» دېمەكچى. توغرا، ئۇ.......................................سۆزلەيدۇ.

3ـ تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار.

ۋاللىدە.......................................................................

ئات ـ ئۇلاغ.......................................................................

چىپپىدە.......................................................................

تاغچى.......................................................................

سۈپسۈزۈك.......................................................................

4ـ تېكستتىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە ئاپتورنىڭ نېمە ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى ھىس قىلىپ بېقىڭلار.

5ـ «يامغۇر» دېگەن تېمىدا بىر پارچە ئەسەر يېزىپ بېقىڭلار.

6ـ سۈرە شۇئەرانىڭ 173ـ174 ئايەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسىنى كىتابىڭلارغا كۆچۈرۈپ كېلىڭلار.

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________

. ____________________________________________

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

«ب، د» ھەرپلىرىنىڭ ئىملاسى

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا بېرىلگەن قوشۇمچىلارنى قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىپ بېقىڭلار ھەمدە «ب، د»تاۋۇشلىرىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار:

كىتاب +ىم ، ئىنقىلاب +تىن ، ئىقتىساد +تا

بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرىدىكى «ب ،د »تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلغاندا «پ ،ۋ ، ت »دەپ ئوقۇلسىمۇ ،لېكىن يېزىقتا يەنىلا «د ،ب »بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

مۇرات ئەمەس مۇراد چارۋاغ ئەمەس چارباغ

ھېساپ ئەمەس ھېساب كاتتىۋاش ئەمەس كاتتىباش

## ئىشلەپ بېقىڭلار

تۆۋەندىكى سۆزلەرگە بېرىلگەن قوشۇمچىلارنى ئايرىم-ئايرىم قوشۇپ يېزىڭلار.

ئېتىقاد ـ چى، سىز، ىمىز

---------------------------------------------------

كىتاب - خانا، ىم، ىمىز

---------------------------------------------------

ئەۋلاد - قا، تا، تىن

---------------------------------------------------

قەلب - تىن، كە، تە

---------------------------------------------------

گۈلباغ - دىن، قا، دا

----------------------------------------------------------

قوغۇن - چى، لۇق، دا

----------------------------------------------------------

## ئاساسى مەشىق

1-تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار

| | |
|---|---|
| گۈل | تاش |
| دەل | جەرەن |
| ئۇچار | دورا |
| تاغۇ | كېپەك |
| ئات | دەرەخ |
| بۇغا | تۈلۈك |
| كىيىم | گىياھ |
| يىمەك | ئۇلاغ |
| ئوزۇق | قانات |
| ئوق | ئىچمەك |

2-تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ يېقىن مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار ۋە ئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار

پايانسىز جىمجىت داۋان

پىچىرلىماق بەھەيۋەت سىنئەينەك


ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

.

.

.

3ـ تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ بىر نەچچە جۈملە يېزىڭلار



.

.

.

يادلىۋالاي



گۈللەرگە تولدۇ

بالىلىق چاغلار.

گۈزەلدۇر ھاياتتا

بالىلىق چاغلار.



ئاسمانغا تەلمۈرۈپ،

يۇلتۇز ئىشقىدا،

ئويۇننى ئۇنتۇغان


باللىق چاغلار.


دالادا، ئېتىزدا

كېپىنەك قوغلاپ،

ھەۋەسكە بېرىلگەن

باللىق چاغلار.





چىۋىقنى ئات ئېتىپ

مىنىپ يىراققا،

تۇلپاردەك چاپتۇرغان

باللىق چاغلار.

---

ئاپتۇرى: ئەركىن داۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# جان-جانىۋارلار دۇنياسى

ئىنسانلارغا ئوخشاش، جان-جانىۋارلاردىمۇ ھېس-تۇيغۇ، مۇھەببەت-نەپرەت، ئەقىل-پاراسەت بولىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىز بىزگە ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار، ھايۋانلار بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى يۈز بەرگەن بەزى ھېكايىلەرنى بايان قىلىپ، ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز مەخلۇقلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايەت قىلىپ بېرىدۇ.

﴿ئاللاھ ھەر بىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، ئاللاھ خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.﴾

ـسۈرە نۇر: 45ـئايەت



# 5-دەرس

## ئۆيگە كىرىۋالغان تىيىن

بىزنىڭ ئۆي ئورمانلىقنىڭ يېنىدا ئىدى.

بىر تىيىن ئۆيىمىزگە كىرىپ قاپتۇ، بىز تېزلا تونۇشۇپ كەتتۇق. ئۇنىڭ ئۆيدە كۆنبويى يۈگۈرۈپ يۈرگىنى يۈرگەنىدى، ئاشخانىدىكى ئىشكاپ - جاۋەنلەرنىڭ ئۈستىدە سەكرەپ-تاقلاپ يۈرەتتى! ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنچىلىك چاققان، بىرەر نەرسىگە زادىلا تېگىپ كەتمەيتتى.

دادامنىڭ كۈتۈپخانىسىنىڭ تېمىغا ئورمانلىقتىن ئېلىپ كېلىنگەن بۇغا مۈڭگۈزى ئېسىپ قويۇلغانىدى. تىيىن دائىم خۇددى دەرەخكە ياماشقاندەك ئۇنىڭغا چىقىۋالاتتى. ئۇ تاتلىق - تۈرۈملەرگە بەكلا ئامراق ئىدى، پات-پات مۈرىمىزگە چىقىۋېلىپ قەنت «سورايتتى». بىر قېتىم، يىمەكلىك ئىشكاپىدىكى قەنت يوقاپ كەتتى، ئاپام بىزدىن سوراپ يۈرۈيدۇ، ھېچقايسىمىز بىلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتتۇق. دادام سەممىيى بولمىدىڭلار، دەپ بىزگە بىر ھەپتىگىچە قەنت بەرمىدى. شۇنىڭ بىلەن، تىيىنمۇ بىزگە ئوخشاشلا بىر ھەپتىگىچە قەنت يېيەلمىدى.

بەزىدە تىيىن دولامغا چىقىۋېلىپ، كىچىككىنە تۇمشۇقىنى يۈزۈمگە سۈركەيتتى، يەنە تېخى قۇلىقىمنى بوشقىنا چىشلەيتتى. ئۇنىڭ يەنە قەنت يېگۈسى كەپتۇ-دە، دەپ ئويلىساممۇ، ئەمما ئۇنىڭغا نەدىن قەنت تېپىپ بېرىمەن؟

بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، كىرىسلودا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز، تىيىننىڭ تاماق ئۈستىلىدىن بىر پارچە بولكىنى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە بىر پارچە بولكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئورۇندۇققا چىقىپ ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قارىسام، ئاپامنىڭ شلەپىسى تۇرىدۇ. شلەپىنى ئېلىپ چۆچۈپ كەتتىم، شلەپە ئاستىدا بىر مۇنچە نەرسىلەر تۇراتتى! قەنت، كەمپۈت، بولكا، سۆگەك، ئىشقىلىپ جىمى نەرسە تېپىلاتتى.

مەن يۈگۈرۈپ چىقىپ دادامغا:

-ئەسلىدە ئۆيىمىزدىكى سەممىيەتسىز بالا تىيىن ئىكەن! -دېدىم.

-ھوي شۇنداقمىكەن! -دېدى دادام قاقاھلاپ كۈلۈپ، -تىيىن ھازىر قىشلىق ئوزۇق-تۈلۈكنى ھازىرلاۋېتىپتۇ-دە. كۈز كېلىشى بىلەن ئورمانلىقتىكى تىيىنلار قىشلىق ئوزۇق-تۈلۈكنى غەملەشكە باشلايدۇ. بۇ، تىيىنلارنىڭ تۇغما خۇسۇسىيىتى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ تىيىنىنىڭمۇ ئارقىدا قالغۇسى كەلمەيدۇ-دە!

دادام تىيىننىڭ كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن يېمەكلىك ئىشكاپىغا ئىلغۇچ بېكىتىپ قويدى. ئەمما، ئۇ بىر ئاماللار بىلەن قىشلىق ئوزۇق-تۈلۈكنى غەملەشنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. ئۇ بولكا، ئورمان ياڭىقى، ياڭاق، سۆڭەك پارچىلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرۈپلا قالسا، دەرھال ئېلىپ كېتىپ يوشۇرۇپ قوياتتى.

بىر كۈنى، بىز ئورمانلىقتىن موگۇ تېرىپ كەلدۇق. بەك ھېرىپ كەتكەچكە، تاماقنى يەپلا ئۇخلاپ قاپتۇق. دېرىزە تەكچىسى سالقىن، موگۇلارنى قويۇپ قويساق بۇزۇلۇپ قالمايدۇ، دەپ لىققىدە بىر سېۋەت موگۇنى ئۇ يەرگە قويغانىدۇق.



ئەتىسى ئەتىگەندە، سېۋەتنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. موگۇلار قېنى؟

كۈتۈپخانىدىن دادام تۇيۇقسىز توۋلىدى:

-تېز كېلىپ قاراپ بېقىڭلار!

كۈتۈپخانىغا يۈگۈرۈپ كىردۇق. راستىنلا يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلمەيلا قالدۇق: موگۇلار تامدىكى ھېلىقى بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ شاخ-شاخلىرىغا ئېسىۋېتىلگەنىدى؛ يەنە تېخى لۆڭگە ئىلغۇچ، ئەينەكنىڭ كەينى تەرىپى، ماي بوياق رەسىمنىڭ ئۈستىمۇ بوش قالمىغانىدى. ئەسلىدە، تىيىن موگۇلارنى قۇرۇتۇپ قىشتا يېيىش ئۈچۈن، سەھەر تۇرۇپ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ ئېسىۋەتكەنىكەن.

كۈز كۈنلىرى قۇياش زېمىنغا ئىللىق نۇرىنى چېچىۋاتقاندا، ئورمانلىقتىكى تىيىنلار موگۇلارنى دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قۇرۇتاتتى، ئۆيىمىزدىكى تىيىنمۇ شۇنداق قىلماقچى بوپتۇ.

خېلى كۈنلەردىن كېيىن، ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى، تىيىن ئىللىقراق جايلارغا كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولدى. بىر كۈنى، ئۇ بىراقلا غايىب بولدى، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. ئېھتىمال ئۇ باغچىغا ياكى ئورمانلىققا كەتكەندۇ. تىيىن كېتىپ كۆڭلىمىز يېرىم بولۇپ قالدى.

ھاۋا بەك سوۋۇپ كېتىپ، تام مەشكە ئوت قالىماقچى بولدۇق. تام مەشنىڭ شامال ئۆتۈشۈش ئاغزىنى ئېتىۋېتىپ، ئوتۇن سېلىپ ئوت ياققىنىمىزدا، تۇيۇقسىز تام مەشنىڭ ئىچىدىن نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ «چىر-چىر» قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئالمان-تالمان شامال ئۆتۈشۈش ئاغزىنى ئېچىۋىدۇق، تىيىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققىنىچە، ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى.

مەشتىكى ئىس تۈرخۇنغا ماڭماي، ئۆيگە يېيىلىپ چىقىۋاتاتتى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئاكام توم سىمدىن ئىلمەك ياساپ، شامال ئۆتۈشۈش ئاغزىدىن تۈرخۇنغا تىقتى.

ئۇ تۈرخۇندىن بىر پەلەيىنى، يەنە مومام بايرام كۈنلىرىدىلا ئارتىدىغان باش ياغلىقنى تارتىپ چىقاردى.

ئەسلىدە، تىيىن بۇ نەرسىلەرنى تۈرخۇنغا ئەكىرىپ ئۆزىگە سېلىنچا قىلغانىكەن. ئۇ ئورماندىن كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغىنى بىلەن، كونا ئادىتىنى تاشلىمىغانىكەن-دە. ئۇ تۇغما شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ ئۆيدە تۇر، تولغىمايسەن، دېسەكمۇ پايدىسى يوق ئىكەن.

## كۆنۈكمە

1-تېكستنى ھېسسىياتلىق،راۋان ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار ۋە يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

2-تېكستتە تىيىننىڭ قانداق تۇغما خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان؟سۆزلەپ بېقىڭلار.

3- تىيىن نېمىلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ؟

4-«مەن»ۋە ئائىلىسىدىكىلەر تىيىنغا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟بۇنى تېكستتىكى قايسى جۈملىلەردىن بىلدىڭىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## 6 ـ دەرس

## كېپىنەك



هەي كېپىنەك، كېپىنەك،
ئالغىن مېنى يېتىلەپ.
ئۇچاي بىللە سەن بىلەن
هارماي كۈندۈز ـ كېچىلەپ.

سەنمۇ مەندەك هەۋەسكار،
گۈل ئاشىقى ئىكەنسەن.
بىز ئۆستۈرگەن گۈللەرنى،
بەلكىم كېلىپ كۆرگەنسەن.

تىزبۇەتتۇق رەتمۇ ـ رەت،
ئۆستۈرۈپ بىز قاچىدا،
تاڭ قالسەن كېتەلمەي،
كېلىپ قالساڭ باغچىغا.

مېنىڭ بىلەن يۈرگىنە،
باغچىمىزنى كۆرگىنە.
هۇزۇرىدىن گۈللەرنىڭ،
بىردەم پەيزى سۈرگىنە.

گەر خالىساڭ سەن بىلەن،

مەنمۇ ئۇچاي باغلارغا.

گۈل تېرەيلى قوشۇلۇپ،

چۆل –جەزىرە تاغلارغا.

تولدۇرايلى ۋەتەنىنىڭ

قۇچىقىنى گۈللەرگە.

نېمە ئارمان ئىيتقىنا،

يەتسەك ئاشۇ كۈنلەرگە.



ئاپتورى: مۇتەللىپ جۇماخۇن

# 7-دەرس

## شىر بىلەن بۇغا

ئورمانلىقتا چىرايلىق بىر بۇغا ياشايدىكەن.

بىر كۈنى، بۇغا ئۇسساپ كېتىپ كۆلگە بېرىپ راھەتلىنىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. سۈپسۈزۈك كۆل سۈيى خۇددى ئەينەككىلا ئوخشايدىكەن. بۇغا تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ كۆلدىكى شولىسىنى كۆرۈپ قېلىپ: «ۋۇي، بۇ مەنمۇ ؟» دەۋېتىپتۇ.

بۇغا مىدىرلىغانىكەن، سۇدىكى شولىسىمۇ مىدىرلاپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنچە چىرايلىقلىقىغا زادىلا دىققەت قىلىپ باقمىغانىكەن! ئۇ كېتىشكە ئالدىرىماي، سۇغا قاراپ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىپتۇ: «ئوھۇ، بەدىنىم نېمىدىگەن قامالاشقان، مۈڭگۈزلىرىم ئىككى تال چىرايلىق مارجان شېخىنىڭ ئۆزىلا!».

غۇرىدە چىققان شامال كۆل سۈيىدە قات-قات چەمبەرلەرنى ھاسىل قىلىپتۇ. تۇيۇقسىز بۇغىنىڭ كۆزى ئىككى پۇتىغا چۈشۈپتۇ- دە، ئىختىيارسىز ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ: «ماۋۇ پۇتلىرىمنىڭ ئىنچىكىلىكىگە قارىمامدىغان، بۇلار مۈڭگۈزۈمگە زادىلا ماس كەلمەپتۇ!»دەپتۇ.



بۇغا پۇتلىرىدىن ئاغرىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تېۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ سەگەكلىك بىلەن قۇلىقىنى دىك تۇتۇپتۇ، توغرا، ئاياغ تېۋىشى ئىكەن! بۇغا «شاپپىدە»بۇرۇلۇپ قارىسا، بىر شىر ئۆزىگە ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقۇدەك!

بۇغا ئارىسالدى بولماي، ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئىشقا سېلىپ قېچىپتۇ. كۈچلۈك پۇتلار چاتقال ئارىسىدا چېپىشقا باشلاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ياۋۇز شىر نە-نەلەردە قاپتۇ. روھى چۈشكەن شىر قوغلاشتىن يالتىيىپ تۇرغاندا، بۇغىنىڭ مۈڭگۈزلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىشىپ قاپتۇ. شىر بۇ پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، ئوقتەك ئېتىلىپ كەپتۇ.

شىرنىڭ يېتىپ كېلەي دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇغا پۈتۈن كۈچى بىلەن بىرلا يۇلقۇنۇپ، ئىككى مۈڭگۈزىنى شاختىن ئاجىرتىپتۇ- دە، يەنە جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ. بۇ قېتىم شىر ئۇنىڭغا يەنە يېتىشەلمەپتۇ.

بۇغا بىر ئېرىق بويىغا كەلگەندە چېپىشتىن توختاپ ئارام ئاپتۇ. ئۇ ئۇھ تارتىپ: «چىرايلىق مۈڭگۈزۈم جېنىمغا زامىن بولغىلى تاس قالدى، بىراق كۆرۈمسىز پۇتلىرىم مېنى شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزدى!» دەپتۇ.

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى قايتا-قايتا ئوقۇڭلار ھەممە باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

2-بۇ تېكىستتىن قانداق ئىلھام ئالدىڭىز؟

3-تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈڭلار

(1)زادىلا- ..............................................................................

(2)كۆرۈمسىز- ..............................................................................

(3)ئۆزىلا- ..............................................................................

(4)تۇيۇقسىز- ..............................................................................

(5)شولىسى- ..............................................................................

4-«چىرايلىق مۈڭگۈزۈم جېنىمغا زامىن بولغىلى تاس قالدى، بىراق كۆرۈمسىز پۇتلىرىم مېنى شىرنىڭ ئاغزىدىن قۇتقۇزدى» دېگەن جۈملىدىن نېمىنى ھېس قىلدىڭىز، ساۋاقداشلار ئارا چۈشەنچىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار!

.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 8 ـ دەرس


## تۆگە

تۆگە سۈت ئەمگۈچىلەر ئائىلىسىگە تەۋە ھايۋان بولۇپ، ئوزۇقلۇق ۋە سۇ كەمچىل بولغان، قۇم-بورانلىق ھاۋا رايى كۆپ كۆرۈلىدىغان پايانسىز قۇملۇقلاردا ياشايدۇ. تۆگە ناھايىتى بەستلىك ۋە يۈك كۆتىرىشچان بولغاچقا بۇرۇنقى زامانلاردا قاتناش ترانسپورتى ئاساسەن ئۇ ئارقىلىق بولاتتى. شۇڭا تۆگە كىشىلەر تەرىپىدىن «قۇملۇق كېمىسى » دەپ ئاتالغان.

تۆگە- بىر لوكىلىق تۆگە ۋە ئىككى لوكىلىق تۆگە دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

بىر لوكىلىق تۆگە- ئەرەب يېرىم ئارىلى ۋە ئافرىقا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسىملىرىدا ياشايدۇ.

ئىككى لوكىلىق تۆگە بولسا، ئاسىيا قىتئەسىدە ياشايدۇ. بۇ تۈردىكى تۆگىنىڭ ئالاھىدىلىكى لوكىسى ئىككى، ۋەزنى ئېغىر، كۈچى كۈچلۈك، ئەمما پۇتى قىسقىراق، يۈگۈرگەندىكى سۈرئىتىمۇ سەل ئاستىراق، بەدىنىنى ئوراپ تۇرغان يۇڭ ئەرەب تۆگىسىنىڭكىدىن كۆپ ۋە قويۇق.



---

ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

تۆگىنىڭ بەدىنى باشقا ھايۋانلاردىن يوغان كېلىدۇ، ئېغىرلىقى 450 دىن 650 كىلوگرامغىچە، ئېگىزلىكى تەخمىنەن ئىككى مېتىر كېلىدۇ. تۆگىنىڭ پۇتىنىڭ تۇيىقى ياپىلاق شەكىلدە بولغاچقا يول يۈرگەندە پۇتى قۇمغا پېتىپ كەتمەيدۇ، بۇ تۇياقتا ھېچقانداق سېزىش ئىقتىدارى يوق، شۇڭلاشقا تۆگە ھەر قانچە ئىسسىق قۇمدىمۇ بىمالال ماڭالايدۇ، تۆگىنىڭ بەدىنىنىڭ زور بولۇشىغا يارىشا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئوت-چۆپلەرنى يېيىشى ئۈچۈن ئۇزۇن بويۇن ئاتا قىلغان.

تۆگىنىڭ لوكىسى باشقا ھەر قانداق ھايۋاندا تېپىلمايدىغان بىر خىل ئالاھىدىلىك. ئەمەلىيەتتە، لوكا تۆگىنىڭ دۈمبىسىدىكى ئېھرام شەكىللىك، ماي ساقلىغۇچى ئامباردىن ئىبارەت. تۆگە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق خەۋپىگە دۇچ كەلگەندە، لوكىدىكى مايلار سۇ ۋە ئوزۇقلۇققا ئايلىنىپ تۆگىنىڭ بەدىنىنى ئېھتىياجلىق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ سەۋەبتىن تۆگە ساغلام ھالىتىدە لوكىسى يوغان ھەم تىز بولىدۇ، كېسەل ھالىتىدە ياكى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا دۇچ كەلگەن ۋاقىتلاردا لوكىسى كىچىك ۋە يانتۇ بولىدۇ.

تۆگە باشقا ئوتخور ھايۋانلارغا ئوخشاش ئوت-چۆپلەرنى، دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، ھەرخىل دانلارنى ۋە مېۋىلەرنى ئوزۇق قىلىدۇ. باشقا ھايۋانلار يېيەلمەيدىغان قاتتىق، تىكەنلىك ئۆسۈملۈكلەرنىمۇ بىمالال يېيەلەيدۇ.

ئۇندىن باشقا، تۆگە ئۇسسۇزلۇققا بەك چىدامىلىق، قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە، يېگەن ئوت-چۆپلەرنىڭ تەركىبىدىكى سۇغىلا تايىنىپ 2ئايدىن4ئايغىچە سۇ ئىچمەي بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئەمما تومۇز ئىسسىقتا 6كۈندىن10 كۈنگىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ.

ئىنسانلار تۆگىنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ؛ ئۇنى مىنىپ يىراقنى يېقىن قىلىدۇ، نەرسە-كېرەكلەرنى يۆتكەيدۇ، گۆشىنى يەيدۇ، تۆگە سۈتى ناھايىتى قىممەتلىك بولۇپ، تىبابەتتە بەزى ئېغىر كېسەللەرنى داۋالاشتا قوللىنىدۇ، تۆگىنىڭ تېرىسى بەك چىدامىلىق بولۇپ، ھەرخىل تېرە كىيىملەر، ئاياغ ۋە سومكا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ، تۆگە يۇڭى ئادەم بەدىنىگە ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، سانائەتتە كىيىم-كېچەك، پوپايكا، يوتقان-كۆرپىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشتا ئەڭ ياخشى خام ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۆنۈكمە

1ـ تېكستنى ئۆلچەملىك ئەدەبىي تىلدا راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2ـ تۆگە قانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ؟

3ـ تۆگىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان پايدىلىرىدىن ئۈچنى دەپ بېقىڭلار.

4ـ تۆگىنىڭ لوكسىنى بېلىۋالدىڭلارمۇ ئۇنىڭ قانداق رولى بار ئىكەن؟

5ـ ئۆزۈڭلار بىلىدىغان بىرەر هايۋان توغرىسىدا ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

6ـ سۈرە «نەهل»نىڭ 5ـ ئايىتىدىن 7ـ ئايىتىگىچە يادلىۋېلىڭلار ۋە ئۇيغۇرچە مەنىسىنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار .

## ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

«ر، ل» هەرپلىرىنىڭ ئىملاسى

بەزى سۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرىدىكى«ر، ل» تاۋۇشلىرى تەلەپپۇز قىلغاندا چۈشۈپ قالىدۇ، ئەمما بۇ سۆزلەرنى يازغاندا، «ر، ل» تاۋۇشلىرى قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن :

| ئوقۇلۇشى | يېزىلىشى |
|---|---|
| باللا | باللار |
| يىللا | يىللار |
| باغان | بارغان |
| ئاغان | ئالغان |
| كەگەن | كەلگەن |
| قەيە | قەيەر |

تونۇ تونۇر

بازاغا بازارغا

## ئىشلەپ بېقىڭلار

1ـتۆۋەندىكى تېمىشماقنى ئوقۇپ، « ر » تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى تولۇقلاپ يېزىڭلار:

ئېگىز ئاسماندا بىر قۇش با، --------------------،

يېقا مەھكەم تاتىلغان. --------------------.

شامال چىقسا قوقمايدۇ، -------------------- ،

پەقەت يامغۇدىن قوققان. --------------------.

2ـتۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى ئوقۇپ، «ر، ل» تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى تولۇقلاپ يېزىڭلار:

1) راست ئېيتقان قۇتۇلا ،ياغان ئېيتقان تۇتۇلا.

2)ئالقىش ئاغان ئامان ،قاغىش ئاغان يامان.

## بىلىۋېلىڭ!

1ـھازىر مەۋجۇد بولغان ئەڭ چوڭ ھايۋاننى بىلەمسىز؟

كۆك كىت ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇد بولغان ئەڭ چوڭ ،ئەڭ ئېغىر ھايۋاندۇر.



ئۇ دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ. ئىنسانلار تۇتقان ئەڭ چوڭ كۆك كىتنىڭ ئۇزۇنلىقى 34 مېتىر. تەن ئېغىرلىقى 190 تۇننا بولۇپ، 30 نەچچە ئافرىقا پىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ كېلىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكى 600 كىلوگرامدىن 700 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆپكىسى 1500 كىلوگرام، تىلىنىڭ ئېغىرلىقى 3000 كىلوگرام، قېنىنىڭ ئومۇمى ئېغىرلىقى 9000 كىلوگرام كېلىدىغان بولۇپ، ئاشقازىنىغا يەتتە ـ سەككىز ئادەم سىغىدۇ. بىر كۈنلۈك يېمەكلىكى 4000_5000 كىلوگرام ئەتراپىدا بولىدۇ. كۆك كىتنىڭ ئۆپكىسى بەك چوڭ بولۇپ، دېڭىزنىڭ 500 مېتىر چوڭقۇرلۇقىدا بىر سائەتتىن ئۇزۇن تۇرالايدۇ. كۆك كىت ھاۋا ئالماشتۇرغاندا پۈركىگەن فونتاننىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىردىن ئاشىدۇ. كۆك كىتنىڭ كۈچى بەك كۈچلۈك بولۇپ، بۇرۇن بىر كۆك كىت 27 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كېمىنى 85 سائەت سۆرىگەن، كېمە ئۇ كىتنىڭ تارتىش يۆنىلىشىنىڭ قارشى تەرىپىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن تارتقان بولسىمۇ، كىت تەرەپكە 74 مېتىر سۈرۈلۈپ كەتكەن.

## ئاساسى مەشق

1 ـ تۆۋەندىكى خەتلەرنىڭ يېزىلىشى توغرىمۇ؟ خاتا بولسا توغرىلاپ يېزىڭ.

1. باللا -----　　　　2. كىتاپ -------

3.چىراق -----　　　　4.ئاياق --------

5.كەشلىك ------　　　　6.كۈللۈك --------

2 ـ تۆۋەندىكى سۆزلەرنى راۋان جۈملىلەرگە ئايلاندۇرۇڭلار.

1) قات ـ قات / يۈزىدە / كۆل / غۇررىدە / قىلىپتۇ
شەكىللەرنى / چەمبەر / شامال / چىققان / ھاسىل

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

2) پۈتىنىڭ / پۈتى / بولغاچقا / تۆگە / تۈيىقى / يول
/يۈرگەندە / كەتمەيدۇ / پېتىپ / ياپىلاق / قۇمغا /شەكىلدە

------------------------------------------------------------

------------------------------------------------------------

3) دادامنىڭ / ئورمانلىقتىن / ئېلىپ / قويۇلغانىدى /كۆتۈپخانىسىنىڭ / تېمىغا / ئېسىپ / كېلىنگەن / مۆڭگۈزى / بۇغا

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

4) ھەيران / قۇرۇقدىلىپ / سېۋەتنىڭ / ئەتىگەندە / قالغانلىقىنى / قالدۇق / كۆرۈپ / ئەتىسى

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

5) ئۇچقان / ئۇ / ئاياغ / ئاڭلىنىپتۇ / تۇرغاندا /تەمشىلىپ / تۇيۇقسىز/ يىراقتىن / كېلىۋاتقان/ ھالدا /كېتىشكە/ تىۋىشى /كەيپى

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

3-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار

1) سايرام كۆلىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى 90 مېتىر. ( )

2) بۇغا «شاپپىدە» بۇرۇلۇپ قارىسا ،بىر بېلىق ئۆزىگە ئاستا يېقىنلاپ كېلىۋاتقۇدەك! ( )

3) سۈپسۈزۈك كۆل سۈيى خۇددى ئەينەككىلا ئوخشايدىكەن . ( )

4) تۆگە گۆشخور ھايۋانلار تىپىگە كىرىدۇ . ( )

5) كۆك كىت ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇد بولغان ئەڭ چوڭ ،ئەڭ ئېغىر ھايۋاندۇر. ( )

6) بەزىدە تىيىن دولامغا چىقىۋېلىپ ،كىچىككىنە تۇمشۇقى بىلەن يۇزۇمنى چىشلەيتتى . ( )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۈچىنچى بۆلەك

# گۆھەر زېمىن

دۇنيادا ھەممە ئەل ئوخشاش، ئەمما ھەر ئادەمگە كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئەنە شۇ تۇپراق باشقا يەرلەردىن ئۆزگىچە ۋە سۆيۈملۈك كۆرۈنىدۇ. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ مەنزىرىلىك جاي دېيىلگەندىمۇ ئېسىمىزگە تۇنجى بولۇپ يۇرتىمىزنىڭ گۈزەل جايلىرى كېلىدۇ. شۇنداق، ھەممەيلەن «ئانا تۇپراق» نىمىزنى سۆيىمىز. ئۇنىڭ ھەربىر گىياھى، ھەر ئوچۇم تۇپىسىمۇ بىزگە شۇنچىلىك قەدىرلىكتۇر. قېنى ئەمسە، يىراقتىكى ئاشۇ گۆھەر زېمىنىمىزنىڭ بەزى گۈزەل ئەسلىمىلىرىنى كۆڭۈل ئېكرانىمىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقايلى!

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە ئەزىز ئانا ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريا، باغۇ-بوستانلىرى تەسۋىرلىنىدىغان بولۇپ، دىيارىمىزغا بولغان ئوتلۇق سېغىنىشلىرىمىزغا ئازراق بولسىمۇ تەسەللى بولغۇسى...



# 9-دەرس

## قەشقەر سۈرەتلىرى



قەشقەر گۈزەل ۋە سېھىرلىك شەھەر !

قەشقەر شەھىرى جانان كوچا، زەرگەرچى كوچا، ئەۋرىشىمكا كوچا، خەزىنىچى بەگ كوچىسى، بۇلاقبېشى كوچىسى دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن كوچىلاردىن تەركىب تاپقان. سىز بۇ كوچىلارغا كىرىپ، سەللا دېققەت قىلمىسىڭىز، يانىدىغان يول تاپالماي قالىسىز. بىراق، ئەنسىرىمەڭ. ئەگەر سىز مەلۇم كوچىغا كىرىپ ئېزىپ قالسىڭىز، دەرھال يولغا ياتقۇزۇلغان خىشنىڭ شەكلىگە قاراڭ. خىشلار ئۇدۇلسىغا ياتقۇزۇلغان بولسا، بۇ كوچىدىن باشقا كوچىلارغا چىققىلى بولىدىغانلىقىنى، توغرىسىغا ياتقۇزۇلغان بولسا، بۇ خالتا كوچا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

قەشقەردىكى ئۆي ئۇستىگە سېلىنغان ئۆيگە قاراپ ھەيران قالماڭ. قەشقەرلىكلەر ئوغلىنى ئۆيلىگەندە ئۆز ئۆيىنىڭ ئۇستىگە ئۆي سېلىپ ئوغۇل بىلەن كېلىنگە ئايرىم ھۇجرا تۇتۇپ بېرىدۇ. بۇ ئۆي «بالىخانا »دەپ ئاتىلىدۇ. قەشقەردە ئۆيلەنگەن ئوغۇللار بىر مەزگىل ئاتا-ئانىلىرى بىلەن بىللە تۇرۇش ئەنئەنىسى بار. بىللە تۇرۇش ئارقىلىق چوڭلار يىڭى ئۆي تۇتقان پەرزەنتلىرىگە قانداق ياشاشنى ئۆگىتىدۇ ۋە ئىناق ئائىلە قۇرۇشقا ئاساس سېلىپ بېرىدۇ.

قەشقەرنىڭ چايخانىلىرىمۇ بىر مۆجىزە. بۇرۇنقى چاغلاردا، قەشقەر شەھىرىدە «ساماۋەر»دەپ ئاتىلىدىغان چايخانىلار كۆپ ئىدى. بۇنداق چايخانىلار كۈنبويى ھۇزۇرلىنىپ چاي ئىچكەچ مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغانلار بىلەن ئاۋات بولۇپ كېتەتتى. ئاشۇنداق چايخانىلارنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى بار. بۇنداق چايخانىلار ئاجايىپ ئىللىقلىقى، چېيىنىڭ تەملىكلىكى ۋە خۇشپۇراقلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇنداق چايخانىلاردىكى چاي ئوتتۇندا قاينىتىلىپ، مىس چەينەكتە دەملىنىدۇ. خوجايىنىنىڭ

ئاپتورى :تۇرسۇنجان ئەزىز چوڭ (ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

www.uyghurkitap.com

ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە مېھمانلارنىڭ دوستانە پاراڭلىرى كۆڭۈللەرنى كۆڭۈللەرگە باغلاپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ھەممە تېمىدا پاراڭ بولىدۇ، خىلمۇ-خىل بىلىملەر ۋە ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر تارقىتىلىدۇ. قەشقەر شەھىرىنىڭ ئۆستەڭ بويى كوچىسىغا تۇتاشقان قاسقان بازىرى قول ھۈنەرۋەنلەر نەپىس تۇرمۇش بويۇملىرىنى ياساپ ساتىدىغان بازار. بۇ بازارغا كىرسىڭىز، مىسكەرلەرنىڭ مىستىن چەينەك، چۆگۈن، ئاپتۇۋا، چىلاپچا، قازان، چۈمۈچ، جىمبىل، كەپكۈر قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساۋاتقانلىقى ۋە سېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. بۇ كوچا ساياھەتچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ساياھەتچىلەر نەق مەيداندا چەينەكلەرگە ھەر خىل نەقىشلەرنى ئويۇۋاتقان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چېۋەرلىكىگە ھەيران قېلىپ، ئىختىيارسىز بىر تالدىن بولسىمۇ بۇيۇم سېتىۋالىدۇ ۋە ھۈنەرۋەنلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشىدۇ.

ئۆستەڭبويى كوچىسىنىڭ غەربىگە قاراپ ماڭسىڭىز، سول تەرەپتە بىر-بىرىدىن چىرايلىق نەقىشلەنگەن بۆشۈك ۋە ساندۇقلارنى كۆرىسىز، يەنە ئالدىڭىزغا مېڭىۋەرسىڭىز، زەرگەرخانىلارنى ئۇچرىتىسىز. بۇ يەردە ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن كۆزنى قاماشتۇرىدىغان خىلمۇ-خىل زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

قەشقەر شەھىرىنىڭ داڭلىق قۇرۇلۇشى بولغان ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدە ئوردا ئالدى بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازار بار. بۇ بازار بىلەن خام بازىرىنىڭ ئارىلىقىغا دوپپا بازىرى جايلاشقان . بازاردا  ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىيچە تۇماق ۋە دوپپا قاتارلىق باش كىيىملىرى سېتىلىدۇ. بۇ يەردىكى دوپپىلار تۈرىنىڭ كۆپلىكى ۋە نۇسخىسىنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن مەشھۇر. خۇددى شائىر ئەبەيدۇللا ئىبراھىمنىڭ «بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، ئاقار يولدا تۇمەن دوپپا» دېگەن مىسرالىرىدا ئېيتىلغاندەك، قەشقەردە رەڭگارەڭ دوپپىلارنىڭ ھەر خىلىدىن تاپالايسىز. مەيلى بادام نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن بادام نۇسخىسى بولسۇن ۋە ياكى گىلەم دوپپا بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قولى چېۋەر ئاياللار پۈتۈن زېھنى ۋە چىدام-غەيرىتىنى سەرپ قىلىپ، يىڭنە بىلەن بىر يىپتىن، بىر يىپتىن تىكىپ چىققان.



قەشقەردە يەنە «ئوتتۇرا-غەربىي ئاسىيا سودا بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ بازار بار.

بۇ يەرگە سانجاق-سانجاق دۇكانلار ئورۇنلاشقان، بۇ دۇكانلاردا كىشىلەرگە كېرەكلىك بارلىق تاۋارلار توپ ۋە پارچە سېتىلىدۇ. بۇ بازاردىكى نەچچە مىڭ تىجارەتچى سودىغا قالتىس ماھىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن توختىماي چىقىۋاتقان شېرىن سۆزلەر سىزنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە رام قىلىۋالىدۇ.

قەشقەر ئەنە شۇنداق سۆيۈملۈك ۋە مەپتۇنكار شەھەر.

## كۆنۈكمە

1-تېكستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2-«قەشقەر شەھىرىنىڭ داڭلىق قۇرۇلۇشى بولغان»دېگەن ئابزاستىن باشلاپ ئاخىرىغىچە يادلىۋېلىڭلار.

3-تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

قەشقەر شەھىرى (          )كوچا، (          )كوچا، (          )كوچا، (          )كوچىسى ،(          )كوچىسى دېگەندەك چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتالغان.

4-تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

بالىخانا          بۇيۇم          سانجاق- سانجاق          مىسكەر

5-تۆۋەندىكى رەسىملەر بىلەن بېرىلگەن سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇپ بېقىڭلار.

چەينەك          پىچاق          ئاپتۇۋا          چىلاپچا          قازان          چۆمۈچ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 10-دەرس ۋەتىنىم

ۋەتەن، سەندىن ئۆزگە دىلدارنى
تاپالمىدىم ئالەمگە كېلىپ.
تاپالمىدىم، تاپالمايمەن ھەم
بەس، ياشىسام مېھرىڭگە قېنىپ.

مەن تۆرەلگەن سېنىڭ قوينۇڭدا،
سەندە ئالدىم تۇنجى نەپەسنى.
سەندە سەزدىم يورۇق ئالەمنى،
سەندە تاپتىم ئارزۇ-ھەۋەسنى.

سەندە سەزدىم قىش بىلەن يازنى،
ئىسسىق-سوغۇق، ئاچچىق-چۈچۈكنى.
سەندە بايقىدىم راست ۋە يالغاننى،
ياخشى-يامان، چوڭ ھەم كىچىكنى.

يېڭى تارىخ پۈتۈلدى بۈگۈن،
بۇ، مەرتلىكنىڭ ئۇلۇغ قامۇسى.
ھەر بىر ھەرپ، ھەر بىر چېكىتى
دەۋرىمىزنىڭ ۋىجدان-نومۇسى.

---

ئاپتورى :تېيىپجان ئېلىيوف (قىسقارتىپ ئېلىندى)

زامانىمىز بەختىنىڭ تېگى،
قۇياشقا ھەقدار ئەۋلادىمىز بار.
ئۈنتۇپ قالما، ئەتىكى ئەۋلاد
بۇ تارىخنىڭ بېشىدا بىز بار.

نۇمۇسىڭغا سادىق مەن، ۋەتەن،
ئۆچۈرمەيمەن ئىشىق ئوتۇڭنى.
رازى ئىدىم پەرزەنتلىكىمدىن
كۆيلىيەلىسەم مۇھەببىتىڭنى.

## كۆنۈكمە

1.شېئىرنى ھېسسىياتلىق دېكلاماتسىيە قىلىڭلار. ئاندىن ئالدىنقى تۆت كوپلىتنى يادلىۋېلىڭلار .ئەڭ ئاخىرقى كۇپلېتنى ھۆسنخەت قىلىپ يېزىڭلار .

2.شېئىردىكى يېڭى سۆزلەرنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە كۆچۈرۈۋېلىڭلار .

3.شائىرنىڭ شېئىردا قانداق ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىڭلار .

4.ۋەتەننى قانچىلىك سېغىنغىنىڭلارنى ئىپادىلەپ ،ۋەتەن ھەققىدە بىر يازما يېزىپ كېلىڭلار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 11 ـ دەرس

## باغداشقا سەپەر

قۇمۇل بوستانلىقىدىن شىمالغا قارىسىڭىز، شەرقىي تەڭرىتاغلىرى يىراقتا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىكى قىش-ياز، قار-مۇز كەتمەيدىغان ئاقباش چوققىلار كۆن نۇرىدا ئالماستەك پارقىراپ تۇرىدۇ. باغداش ئاشۇ قاتمۇ-قات تاغلار ئىچكىرىسىگە جايلاشقان.

7-ئاينىڭ ئاخىرى 8-ئاينىڭ باشلىرى قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ ھاۋاسى يېلىنجاۋاتقان تونۇردەك قىززىپ كېتىدۇ، مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلەرنىڭ بىرىدە باغداشقا سەپەر قىلدىم. پىكاپ قۇمۇل شەھىرىدىن شەرقىي شىمالغا قاراپ يولغا چىقىپ، 60 كىلومېتىردەك ماڭغاندا تاغنىڭ جەنۇبىي باغرىغا جايلاشقان ئارا تام دېگەن جايغا يېتىپ كەلدى. ئاراتام بىلەن باغداش بىر تاغ ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان قوشماق قىشلاقلار ئىكەن. بۇ يەردە ياڭاق ۋە ئۆرۈك بەك ئوخشايدىكەن، ئاراتام بىلەن باغداشنى تاغ ئايرىپ تۇرغىنى بىلەن سۇلۇق بىر غول ئېقىن ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتىشىدىكەن، غولنىڭ سۈيى شىددەت بىلەن ئاققاچقا، ئاراتام ئارقىلىق باغداشقا ئۇدۇل ئۆتكىلى بولمايدىكەن. بىز غەربكە 10 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق.

بۇ ئېغىزغا كىرگىنىمىزدە، ئەگىم-ئەگىم تاغ جىلغىسىدىكى شېغىللىق يەر كۆرۈندى، بىز ئىچكىرلەپ ئىلگىرىلىدۇق. بويلىرىدا ئاندا-ساندا گىياھ ئۈنۈپ قالغان بۇ قاقاس يولدا ئىسسىق شامال يۈزلىرىمىگە كۆچلۈك تەپتى بىلەن ئۇرۇلدى، لەۋلىرىمىز قۇرۇپ ئۇسساشقا باشلىدۇق.

-يەنە ئازراق چىدىساق، ئۇسسۇلۇققا ئۇلىشىمىز، ئالدىمىزدا بىر بۇلاق بار، -دىدى يول باشلىغۇچى. دېگەندەك، ئۇزاق ماڭمايلا ئاجايىپ بىر گۈزەل بىر مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى، يوغان-يوغان قورام تاشلار ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيى ھەممىمىزنى ھەيران قالدۇردى. مۇزدەك سۇنى ئوچۇملاپ قانغۇچە ئىچىپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالدۇق.

جىلغا بويلاپ سوزۇلغان يول ئەمدى بىزنى شەرقىي يۆنىلىشكە باشلىدى. خېلى ماڭغاندىن كېيىن، يىلان باغرى تاغ يولى بىزنى داۋانغا ئۇلاشتۇردى.

ئاپتورى :بەگمەت يۈسۈپ (ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

ـداۋاندىن ئۆتسەكلا، باغداشقا يېتىپ كېلىمىز، ـدىدى يول باشلىغۇچى. خەتەرلىك داۋاندىن ئېھتىيات بىلەن پەسكە چۈشۈپ، ئالدىمىزدىكى يەنە بىر تۆپىلىكتىن ئۆتكەندە، گۈزەل بىر قىشلاق كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولدى. ئالىقاندەك ئويمانغا جايلاشقان باغداش قىشلىقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ ئېقىپ ئۆتىۋاتقان كىچىك ئېقىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېشىل ۋادا، بىر-بىرىگە تۇتاش كەتكەن مېۋىلىك باغلار كۆزىمىزگە بىر-بىرلەپ تاشلانماقتا ئىدى. بۇ يېشىللىق تۆپىلىكلەرگە ياماشقىنىچە يىراق-يىراقلاردىن كۆرۈنىۋاتقان ئاپئاق قارلىق چوققىلارغا تۇتاشقانىدى. باغداش قوينىغا ئىچكىرلەپ كىرگەنسېرى گۈل-چېچەك، ئوت-چۆپ، مېۋىلىك دەرەخلەر خۇددى بىزنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. تاش ۋە كېسەكتە قوپۇرۇلغان ئۆيلەر، ئۆي ئىگىلىرى، چارۋىلار، ئېتىز-ئېرىقلار بىز بىلەن سالاملاشماقتا. ساقاللىرى ئۇچتەك ئاقارغان بوۋايلار، يىللار يۈزلىرىگە ئىز سىلىپ كەتكەن مېھرى ئىسسىق مومايلار، يىگىتلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەركەكلەر، ياشلىق نازاكىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىز-چوكانلار خۇددى كونا تونۇشلاردەك«قۇتلۇق قەدىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!» دەۋاتقاندەك قىلاتتى.



شۇنداق قىلىپ بىز باغداشتىكى ساياھىتىمىزنى باشلىۋەتتۇق. بۇ يەرنىڭ دېھقان-چارۋىچىلىرى بەكمۇ مېھماندوست، پاراڭخۇمار ئىكەن. باغداشنىڭ ھاۋاسى ساپ، مەنزىرىسى گۈزەل، سۇلىرى ئەلۋەك بولغاچقا، تارىختا 233 يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن

www.uyghurkitap.com

توققۇز ئەۋلاد قۇمۇل ۋاكالىرىنىڭ ئارامگاھى بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۆرۈك، تاشئالما ۋە باشقا تۈرلۈك مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان چوڭ باغنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يوغان تاش بولۇپ، تاش ئۈستىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر راۋاق بار ئىكەن. راۋاققا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالسىڭىز باغداشنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى، قاتمۇ-قات قارلىق تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن باغداش ئېقىنىنىڭ رەڭدار شارقىراتمىلىرىنى كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ يەردە تۆت پەسىل مەنزىرىسىنى بىرلا ۋاقىتتا نەزىرىڭىزدىن ئۆتكۈزەلەيدىكەنسىز، يىراقتىكى قارلىق چوققىلار پاك-غۇبارسىز قىش پەسلىنى ئەسلەتسە، ياپيېشىل مېۋىلىك باغلار ياز مەنزىرىسىنى، رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر باھار پەسلىنى، مەي باغلىغان مېۋىلەر مول-ھوسۇل شاتلىقىغا چۆمگەن بەرىكەتلىك كۈز مەنزىرىسىنى نامايەن قىلىدىكەن. ياپيېشىل ئوتلاقتا بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان چارۋىلار كىشىگە سەھرانىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى ئەسلىتىدىكەن. مەيىن تاغ شامىلىدا يەلپۈنىۋاتقان ئارپا، قىچا ۋە تۈرلۈك دورا ئۆسۈملۈكلىرى خۇشبۇي ھىد تارقىتىپ ۋۇجۇدىڭىزنى يايرىتىدىكەن. ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ئۆي-ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن كۆككە كۆتۈرۈلگەن كۆكۈچ ئىس سىزنى تۈرلۈك خىياللارغا غەرق قىلىدىكەن.

ساياھەت جەريانىدا بىز ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئېتىلگەن مەززىلىك قۇمۇل ياپمىسى بىلەن كۆك پۇرچاق قوشۇپ ئېتىلگەن پولۇغا ئېغىز تەگدۇق. ئىچكەنچە ئىشتىھانى ئاچىدىغان قۇچقاچ تىلى سۇيۇقئېشىنىڭ تەمى ئاغزىمىزدا قالدى. باغداشنىڭ تىمتاسلىقىقا چۆمگەن ئاشۇ ئاخشىمى بىز بوۋايلار سۆزلەپ بەرگەن سىرلىق رىۋايەتلەر ئىچىدە تارىخى تىلسىملارنى بايقىدۇق...

## كۆنۈكمە

1ـ تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2ـ تۆۋەندىكى ئوخشىتىش سۆزلىرىگە جۈملە تۈزۈڭلار.

1) ئالماستەك ..........................................................................

2) مۇزدەك ............................................................................

3) ئالقاندەك ..........................................................................

4) تونۇشلاردەك ........................................................................

5)قارشى ئېلىشۋاتقاندەك ......................................................

3ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ مەزمۇنىغا ئاساسەن رەت نومۇرىنى قويۇڭلار.

(    )ياپىيېشىل ئوتلاقتا بېشىنى كۆتۈرمەي ئوتلاۋاتقان چارۋىلار كىشىگە سەھرانىڭ خاتىرجەم ھاياتىنى ئەسلىتىدىكەن.

(    )جىلغا بويلاپ سوزۇلغان يول ئەمدى بىزنى شەرقىي يۆنىلىشكە باشلىدى.

(    )ئىچكەنچە ئىشتىھانى ئاچىدىغان قۇچقاچ تىلى سۇيۇقئېشىنىڭ تەمى ئاغزىمىزدا قالدى.

(    )بىز غەربكە 10 كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن، تاغ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق.

(    )مۇزدەك سۇنى ئوچۇملاپ قانغۇچە ئىچىپ خېلىلا راھەتلىنىپ قالدۇق.

4ـ ھازىرغىچە ۋەتىنىمىزنىڭ قايسى يېزا-قىشلاقلىرىغا باردىڭىز؟ بىر ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ كېلىڭلار.


-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------------
-----------------------------------------------.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 12 ـ دەرس

## تەڭرىتاغ

ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى دادام بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىردۇق. ئاشخانىدا دادام تامدىكى تاغ مەنزىرىسى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى.



ـ دادا، بۇ قايسى تاغ؟

ـ تەڭرىتېغى دېگەن مانا مۇشۇ. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، تاغ چوققىلىرى قىشمۇ ياز قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.

بۇ تاغدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئېقىن، كۆللەر، ئورمانلار، يايلاقلار، قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار بار. يۇرتىمىزنىڭ نەقەدەر گۈزەللىكىنى مانا مۇشۇ تەڭرىتېغىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئوغلۇم، بۇ سۈرەتكە قارا، ـ دېدى دادام، ـ يۇرتىمىزدىكى ئانا دەريا-تارىم دەرياسىنىڭ بىر قىسىم سۈيىمۇ تەڭرىتېغىدىن ئېرىپ چۈشكەن قار-مۇزلاردىن ھاسىل بولغان.

---

ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تەڭرىتېغىغا بەكلا بارغۇم كەلدى. سۈرەتكە قايتىدىن قاراشقا باشلىدىم.

ـبولدى ئوغلۇم، تامىقىڭنى يە! ـدېدى دادام.

تاماقنىڭ چىققانلىقىنىمۇ سەزمەي قاپتىمەن.

تاماق يەپ بولۇپ سىرتقا چىقتۇق. يولدا كېتىۋېتىپ دادامغا:

ـدادا، مەن چوڭ بولسام چوقۇم فوتوگراف بولىمەن. تەڭرىتېغىدىكى ئاپئاق چوققىلارنى، چوڭقۇر جىلغىلارنى، ئېقىن، كۆللەرنى، يايلاقلارنى، يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالا، ئاتلارنى، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەرنى، ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك، ھەسەل ھەرىلىرىنى، ياپيېشىل ئورمانلارنى، قۇشلارنى، ئېيىق، بۆرىلەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ بىر كۆرگەزمە ئورۇنلاشتۇرىمەن ۋە گۈزەل ۋەتىنىمنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتىمەن، ـدېدىم.

ـيارايسەن ئوغلۇم! ـدېدى دادام.

## كۆنۈكمە

1ـتېكىستنى ئورتاق ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2ـتۆۋەندىكى سۆزلەرنى تۇتاشتۇرۇپ بېقىڭلار.

| | |
|---|---|
| ئاپئاق | جىلغىلار |
| چوڭقۇر | ئورمانلار |
| رەڭگارەڭ | كۆللەر |
| ياپيېشىل | ياۋا گۈللەر |
| سۈپسۈزۈك | چوققىلار |

3ـئۆزۈڭلار بىلىدىغان تاغلاردىن بىر قانچىنى دەپ بېقىڭلار.

4ـئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار .

ئاشخانىدا دادام تامدىكى تاغ مەنزىرىسى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى. (        )

www.uyghurkitap.com

بۇ تاغ <u>ناھايىتى</u> ئېگىز بولغاچقا، تاغ چوققىلىرى قىشمۇ ياز قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ.     (          )

تاماق يەپ بولۇپ <u>سىرتقا</u> چىقتۇق .     (          )

گۈزەل ۋەتىنىمنى پۈتۈن <u>دۇنياغا</u> تونۇتىمەن.     (          )

5-سۈرە «كەھف»نىڭ 47-ئايىتىنى ئوقۇڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا ئۇيغۇرچە مەنىسىنى چىرايلىق قىلىپ يېزىڭلار.

## ۋەتەن مۇھەببىتى




سەندىن ئارتۇق سۆيگۈنۈم يوق بۈيۈك ۋەتەن،
ساڭا پىدا، ساڭا قۇربان جان بىلەن تەن.

سېنى كۈتۈش، سېنى ئاقلاش ماڭا بۇ پەرز،
ۋەتەن سۆيۈش ۋەتەن ئوغلىغا ئەزەلدىن قەرز.


بارلىقىمۇ سېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان،
تىلەك-مەقسەت بەختىڭ ئۈچۈن قارىتىلغان.

ھاياتىممۇ، ماماتىممۇ سېنىڭ بىلەن،
سائادىتىم، شاقاۋىتىم سېنىڭ بىلەن.

كەڭ قوينۇڭدا تۇغۇلغان ۋە شۇندا ئۆسكەن،
چىن ئىنسانلىق مەيدانىغا شۇندا چۈشكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن بوشاتمايمەن قۇدرىتىڭنى،
جان-تەن بىلەن ساقلايمەن ھۆرمىتىڭنى.

نىمشېھىت



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

«چ، ن» ھەرپلىرىنىڭ ئىملاسى

تۆۋەندە بېرىلگەن ئىككى قاتار سۆزلەرنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ، قايسى خىل يېزىلىشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىڭلار .

| | |
|---|---|
| چاشتى | چاچتى |
| كۆرۈڭگەن | كۆرۈلگە |
| ئۈللۈك | ئۈنلۈك |
| كەشقۇرۇن | كەچقۇرۇن |
| مەممۇ | مەنمۇ |
| ئوييەتتە | ئون يەتتە |
| شەمبە | شەنبە |
| ئۇشلۇق | ئۇچلۇق |

بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن«چ» ئۈزۈك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە«ش» دەپ ئوقۇلىدۇ، ئەمما يېزىقتا«چ» بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

قاچ- قاشتى ئەمەس، قاچتى

كۈچ – كۈشلۈك ئەمەس، كۈچلۈك

جانلىق تىلدا«ن» ئۈزۈك تاۋۇشى بەزى سۆزلەردە«ل، ڭ» دەپ ئوقۇلىدۇ، ئەمما يېزىقتا «ن» بويىچە يېزىلىدۇ.

مەسلەن:

كۈن- كۈللۈك ئەمەس، كۈنلۈك

قان-قاللىق ئەمەس، قانلىق

بۆلۈن-بۆلۈڭگەن ئەمەس، بۆلۈنگەن

كۈن-كۈڭگە ئەمەس، كۈنگە

## ئىشلەپ بېقىڭلار

1-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، جانلىق تىلدا«ش، ڭ، ل» ئېيتىلسىمۇ، لېكىن يېزىقتا «چ، ن» بويىچە يېزىلىدىغان سۆزلەرنى توغرىلاپ يېزىڭلار.

1)ئۇلار يېڭى ئۆيگە كۆشتى.

2)ئاكام بۇ يىل ئويىيەتتە ياشقا كىردى.

3)ئۈشكە نۆلنى قوشساق يەنىلا ئۈچ بولىدۇ.

4)كەشلىك تاماقنى يەپ بولدۇق.

5)يەنىمۇ ئۈللۈك ئوقۇغان بولسىڭىز،تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

6)بۆلۈڭگەننى بۆرە يەر.

2-تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەردىكى «چ، ن» ھەرپى خاتا قوللىنىلغان سۆزلەرنى توغرىلاپ كۆچۈرۈڭلار:

▲بىلىكى كۈشلۈك بىرنى يېڭەر، ---------------------------- ،

بىلىمى كۈشلۈك مىڭنى يېڭەر. ---------------------------- .

▲كۆرۈڭگەن تاغ يىراق ئەمەس. ---------------------------- .

▲ئاقىلغا ئىشارەت ، -------------------- ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

▲ناداڭغا جۇۋالدۇرۇز. -------------------- .

▲ئىش ئۆملۈكتە، -------------- ،

كۈش بىرلىكتە. -------------- .

▲ياماڭغا يانتاياق بولما. --------------- .

▲ئەلگە قوشۇلساڭ كۈشلىنىسەن، ----------------- ،

ئەلدىن ئايرىلساڭ ئۈشتىلىسەن. ----------------- .



## ئاساسى مەشىق

1ـ تۆۋەندىكى خاتا جۈملىلەرنى توغرىلاپ يېزىڭلار.

1) ھېيتگاھ جامەسىنىڭ كەينى تەرىپىدە ئوردا ئالدى بازىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر بازار بار.

----------------------------------------------------------

.----------------------------------------------------------

2) ۋەتەن، سەندىن ئۆزگە دىلدارنى

تاپالمىدىم تۈركىيەگە كېلىپ.

----------------------------------------------------------

.----------------------------------------------------------

3) يۇرتېمىزنىڭ نەقەدەر سوغۇقلىقىنى مانا مۇشۇ تەگرېتىغىدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

----------------------------------------------------------

.----------------------------------------------------------

4) تەگرىتېغىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ ئېقىن، دېڭىزلار، چاتقاللىقلار، يايلاقلار، قىممەتلىك ئۆسۈملۈكلەر ،ھاشاراتلار بار.

----------------------------------------------------------

.----------------------------------------------------------

5) سەندىن ئارتۇق تۇققۇنۇم يوق بۈيۈك ۋەتەن،

ساڭا پىدا ،ساڭا قۇربان جان بىلەن تەن .

----------------------------------------------------------

.--------------------------------

2ـ تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ قارىمۇـقارشى مەنىسىنى يېزىڭلار.

چوڭ -------- كونا ------------ سېمىز ------

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەت --------        ئىسسىق-----------  ئاپئاق ------

چوڭقۇر ------  پىخسىق -----------  ئاستا -------

3ـئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى قويالامسىلەر؟

1)ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى دادام بىلەن بىللە چۈشلۈك تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىردۇق. (            )

2) سىز بۇ كوچىلارغا كىرىپ، سەللا دىققەت قىلمىسىڭىز، يانىدىغان يول تاپالماي قالىسىز. (            )

3) چوڭ باغنىڭ ئىچىدە ناھايىتى يوغان تاش بار. (            )

4) دادام تامدىكى تاغ مەنزىرىسى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى. (            )

5) ـيارايسەن ئوغلۇم! ـدېدى دادام. (            )

4ـتۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىملا خاتالىقى بار بولغان سۆزلەرنى تېپىڭلار ۋە توغرىلاپ يېزىڭلار.

1)باللا ۋاختىدا ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار.

------------------------------- .

2)ئاق ساقاللىغ بىر ئادەم يېنىمغا كەلدى.

---------------------------- .

3)چاشەنبە كۈنى مېنىڭ دەرسىم يوق.

---------------------------- .

4)تۈنۈگۈن مەن قايتقاندا كىتابىم مۈشۈ يەدە قاغان.


----------------------------------------- .

يادلىۋالاي

## تەڭرىتاغقا سوئال



بوۋاك، ھەيۋەت تەڭرىتاغ،
تۆمۈر چوققا بېشىڭمۇ؟
ئوقچۇپ ئاققان دەريالار
سېنىڭ شادلىق يېشىڭمۇ؟



سانسىزلىغان دەل-دەرەخ
ساقال-بۇرۇت، قېشىڭمۇ؟
باغرىڭدىكى كۈمۈش مۇز
سېنىڭ سەدەپ چېچىڭمۇ؟



قوينۇڭدىكى نېمەتلەر
بىزگە بەرگەن ئېشىڭمۇ؟
مىليون-مىليارد يىللارغا
ئۇلاشقاندۇ يېشىڭمۇ؟!

---
-ئاپتورى: ھەسەن تىلىۋالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




# پەخرىم مېنىڭ-ئەجدادلىرىم

تارىخىمىزنى ۋاراقلايدىغان بولساق، نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىزنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ياراتقانلىقىنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ نادانلىق ۋە جاھالەتتە قالغان خەلقنى ئويغىتىش، ئۇلارغا ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتىنى تونۇتۇش يولىدا هارماي-تالماي كۈرەش قىلغانلىقىنى، هەتتا بىر قىسىملىرىنىڭ خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى، ئەرك-ئازاتلىقى ئۈچۈن ئەزىز جانلىرىدىن كېچىپ شېهىت بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇش ئارقىلىق زۇلمەتلىك يىللارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلىرىمىزنىڭ تىز پۈكمەس روهىدىن ئۆگىنىپ، ۋەتەن-مىللەت ئۈچۈن مال ۋە جانلىرىنى بېغىشلىيالايدىغان قەهرىمانلاردىن بولايلى!


﴿ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام)ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ».﴾

سۈرە زۇمەر 9-ئايەت



# 13-دەرس

## مەھمۇد قەشقەرى



مەھمۇد قەشقەرى تەخمىنەن مىلادىيە 1008-يىلى قەشقەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45 كىلومېتىرچە كېلىدىغان ئوپال يېزىسى ئازاق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.

دەسلەپكى تەلىماتىنى پەزىلەتلىك ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئانىسى بىبى رابىيە خېنىمدىن ئالغان. كېيىن ئۆز يۇرتى ئوپالدىكى دىنى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. ئۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ بىر شاھزادىسى بولغاچقا ئائىلىسىدە ناھايىتى ياخشى تەربىيىلەنگەنلىكى ئۈچۈن كىچىكىدىن باشلاپلا ناھايىتى ئەقىللىق چوڭ بولغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بىلىم ئىگەللەپ كامالەتكە يەتكەن، تازا نەۋقىران ۋاقتىدا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھوقۇق تالىشىش كۆرىشى باشلىنىدۇ. ئۇ قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەردىكى خان ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق قانلىق سۇيىقەستتە ئامان قېلىپ، قەشقەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان ۋە باغداتقا بارغان.

قانلىق سىياسى ئۆزگىرىشى بىلەن تەختىنى تارتىۋالغان ئىبراھىم قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەختىدە تەخمىنەن بىر يىلچە ئولتۇرالىغان. مەھمۇد قەشقەرى پۈتكۈل جەمەتىنىڭ قاتىلى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ تەخت تالىشىشقا قاتناشماي، ھەتتا يۇرتىغىمۇ قايتىپ كەلمەي بارلىق زېھنىنى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشقا ئاتىغان. ئۇ بارغانلىكى يەردە بىر مەزگىلدىن تۇرۇپ، ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن تۈرك تىلىغا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى شۇ زامانلاردىكى ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلدا تەتقىق قىلغان. پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان تىلشۇناسلىققا مۇناسىۋەتلىك تۈرلۈك ئەسەرلەرنى كۆرۈپ چىققان. بولۇپمۇ تەفسىر، ھەدىس، فىقھى (قانۇنشۇناسلىق) قاتارلىق ئىسلام بىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەھمۇد قەشقەرى باغداتقا كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ۋە تۈركلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىزاھلىغان بىر ئەسەرگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ 15 يىللىق ھاياتىدا توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقىپ، مىلادىيە 1072-يىلى(ھىجرىيە 464-يىلى)5-ئايدا دۇنياۋى مەشھۇر ئەسىرى«تۈرك تىللى دىۋانى» نى يېزىشنى باشلاپ، 1074-يىلى تاماملايدۇ. ئۇ بۇ ئەسىرىنى يېزىپ بولۇپ، تۆت قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ پۇختا تەھرىرلىگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قايسى يۇرتقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن تەخەللۇسىغا«قەشقەرى» دېگەن نامنى قوللىنىشنى زۆرۈر كۆرىدۇ. ئۇ بۇ كاتتا ئەسىرىنى مىلادىيە 1075- يىلى (ھىجرىيە 467- يىلى) ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27-خەلىپىسى -خەلىپە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇلقاسىم ئىبنى ئابدۇللاھ مۇقتەدى بىئەمرۇللاھ- گەتەقدىم قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ «تۈرك تىلى دىۋانى»مەيدانغا كېلىدۇ.

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار .

2-تۆۋەندىكى سۇئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1)مەھمۇد قەشقەرى قاچان، قەيەردە دۇنياغا كەلگەن؟

2)مەھمۇد قەشقەرى دەسلەپكى دىنى تەلىماتنى كىمدىن ئالغان؟

3)مەھمۇد قەشقەرى نېمە ئۈچۈن باغداتقا بارىدۇ؟

4)مەھمۇد قەشقەرى دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر «تۈرك تىلى دىۋانى»نى قانچە يىلدا يېزىپ پۈتتۈرگەن؟

3-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار.

1)مەھمۇد قەشقەرى ئوپال يېزا ئازاق كەنتىدە تۇغۇلدى .(　　)

2)دەسلەپكى تەلىماتنى ئاچىسىدىن ئالدى . (　　　)

3) مەھمۇد قەشقەرى بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسىدە ئامان قېلىپ ،قەشقەردىن باغداتقا بارغان . (　　　)


4)مەھمۇد قەشقەرى «تۈرك تىلى دىۋانى »نى ئىككى يىلدا يېزىپ پۈتتۈرگەن .
(       )

4- «مەھمۇد قەشقەرى باغداتقا كەلگەندىن كېيىن» دېگەن يەردىن ئاخىرىغىچە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.

5-تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىلنى يادلىۋېلىڭلار.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.


ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
پەننى سۆيگەن زار بولماس.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 14-دەرس

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ




قارا خانىيلار دەۋرىنىڭ شانلىق نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندا 1019-يىلى ئوقۇمۇشلۇق بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن.

يۈسۈپنىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنى ئوبدان تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلگەن. يۈسۈپ ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن باشلاپ تىرىشىپ ئوقۇغان. ئۆزىنىڭ ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدىن باشقا ئەرەبچە، پارسچە تىللارنى ناھايىتى پۇختا ئۆگەنگەن. ئىسلام ئەقىدىلىرىگە دائىر بىلىملەرنى ،ئەجدادلىرىنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن پەند-نەسىھەتلەرنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر، دۆلەت تۇغرىسىدىكى تەلىماتلار، پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، تەبىرنامە قاتارلىق ھەر تۈرلۈك بىلىملەرنى ئۆگەنگەن. ئوقيا ئېتىش، ئوۋچىلىق قاتارلىق ھەربىي ئىشلارغا دائىر بىلىملەرنىمۇ ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن باشقا شاھمات ئويناش، تەنتەربىيە تۈرلىرى قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن دانىشمەن ئالىملار ئىچىدە ناھايىتى كەڭ، چوڭقۇر، ھەر تەرەپلىمە بىلىمگە ئىگە ئالىم بولغان. ئۇ يالغۇز ئەرەب ۋە پارس تىلىنى، مەدەنىيىتىنى بىلىپلا قالماستىن، غەربنىڭ كلاسسىك بىلىملىرىنىمۇ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك دۇنياسى تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنىمۇ چوڭقۇر ئۆگەنگەن ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قىممەتلىك ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) داستانىنى بالاساغۇندا يېزىشقا باشلىغان. ملادىيە 1068-يىلى بۈيۈك قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، ئاخىرىنى قەشقەردە تاماملىغان بولۇپ، ئەسەر جەمئى 18 ئايدا پۈتكەن ۋە شۇ يىلى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ

ئورۇن باسار قاغانى ئەبۇل ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئارقىلىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دانىشمەن، تالانتلىق ، ئالىي پەزىلەتلىك، ئەقىللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەبۇل ھەسەن بۇغراخان، ئۇنىڭغا: خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بېرىپ ساراي ۋەزىرلىكىگە تەيىنلىگەن.



ئالىمنىڭ شاھ ئابىدە ئەسىرى، «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) 11-ئەسىردە بۈيۈك قاراخانىلار دەۋرىدىكى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەردۇر. بۇ ئەسەر ئەينى زاماندا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان«سىياسەتنامە» تۈرىدىكى تۇنجى ئەسەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ داستان يەنە تۈرك خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ يېزىلغان ئەسەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بۈيۈك، مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەۋلادلىرىغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

«ئەي سۆيۈملۈك پەرزەنتىم، مەن سەن ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتلىق ھۇلۇڭنى پۇختىلىۋېلىشىڭ ئۈچۈن ئىش-ھەرىكىتىڭ ۋە يولۇڭنىڭ قانداق بولۇش كېرەكلىكى ھەققىدىكى«قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىمنى مىراس قالدۇردۇم. ھەر قاچان يولۇڭدىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن ماڭغايسەن. بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭمۇ يول مۇشۇ، ئۇ دۇنيانى تىلىسەڭمۇ يول شۇ.»

قاراخانىلار دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان بۈيۈك، مۇتەپەككۇر شائىر، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ مۇئەللىپى رەھمەتلىك يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادى 1085-يىلى(ھىجرىيە 478-يىلى) 66يېشىدا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى «ئوردۇكەنت» قەشقەردە ۋاپات بولغان.

www.uyghurkitap.com

## كۆنۈكمە

1ـ تېكستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاچان، قەيەردە تۇغۇلغان؟

3ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قانچە خىل تىلنى بىلەتتى؟ ئۇلار قايسىلار؟


4ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەشھۇر ئەسىرى«قۇتادغۇبىلىك»نى قانچىلىك ۋاقىتتا يېزىپ تاماملىغان؟ كىمگە تەقدىم قىلغان؟

5ـ «قۇتادغۇبىلىك»قايسى تىلدا يېزىلغان؟

6ـ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاچان، قەيەردە ۋاپات بولغان؟

7ـ «قۇتاد غۇبىلىك»نىڭ مەنىسى نېمە؟

8ـ بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەۋلادلارغا قىلغان خىتابىنى دەپتەرگە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ھەمدە يادلىۋېلىڭلار.



# 15-دەرس

## ئابدۇقادىر داموللام



ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇنتۇلماس ئۇستازى ئابدۇقادىر داموللام 1870-يىلى ئاتۇشنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئېرىق كەنتىدە ئابدۇلۋارىس ئىسىملىك دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئابدۇقادىر داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتىنى مەشھەدتىكى «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسىسى»دە ئالغان. 15يېشىدا قەشقەردىكى ئالى ئىلىم يۇرتى بولغان خانلىق مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرىپ موللا ئىسلام داموللامدا ئوقۇغان. ئۇ ئاتۇش ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرىدە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، يېشى يىگىرمىلەرگە ئۇلاشقاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئىلىم ئېلىش ئارزۇسى بىلەن بۇخاراغا سەپەر قىلغان. ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى يىللىرىدا ئىسلام دۇنياسىدىكى بۈيۈك ئالىملاردىن ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم جەۋزى، جامالىددىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇغان ھەم چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ جەرياندا، قەشقەرنىڭ ئۆزى سەپەر قىلىشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەھۋالىنى ئۆز كۆڭلىدە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن



ھەممە ياشلارغا قىلغان قىزغىن ھېسسىياتلىق نۇتۇقلىرى قەشقەردىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. قەشقەر ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ «ئىسلاھات» دېگەن ئاتالغۇغا سوغۇق قاراپ، داموللامنى چەتكە قېقىپ يېتىم قالدۇرغان. نەتىجىدە ئابدۇقادىر داموللام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەشقەردە تۇرالماي 1909- يىلى يەنە بۇخارا قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىگە قاراپ يول ئالغان.

1912- يىلى ئابدۇقادىر داموللام ئىككىنچى قېتىم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە كىلىپلا ئىشنى ئالدى بىلەن مائارىپتىن باشلىغان. چۈنكى داموللام بۇ سەپىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق، كونا ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىگە خاتىمە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. ئۇ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇستۇن ئىلمى، ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئەنئەنىسىگە ئىجابىي ۋارىسلىق قىلغان ئاساستا، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بارغان ۋە يەنە قەشقەر كوچىلىرىدا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بالىلارنى، ھامىمىنىڭ ئوچىقى ئەتراپىدا كۈلگە كۆمۈلۈپ ياتقان يېتىم-يېسىرلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كىلىپ، خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۆزىنىڭ مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تەربىيلىگەن. يۇرت كاتتىلىرى بولغان بېخىل بايلارغا يېتىم-يېسىرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، مۇسۇلمانلىق ھەم قېرىنداشلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتكەن.

تالىپلارغا مېھرىبان ئۇستاز، يېتىم-يېسىرلارغا كۆيۈمچان ئاتا بولغان بۇ سۆيۈملۈك ئالىم 1924- يىلى8- ئاينىڭ 14- كۈنى تاڭ سەھەردە قەشقەر شەھىرىدىكى ئۆيىدە يالالنغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ شېھىت قىلىنغان. ئابدۇقادىر داموللام شېھىت قىلىنغاندا 54 ياشتا ئىدى.

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2-ئابدۇقادىر داموللام قاچان، قەيەردە دۇنياغا كەلگەن؟

3-داموللامنىڭ ئىش-ئىزلىرىدىن قانچىنى سۆزلەپ بېرەلەيسىز؟

3-ئابدۇقادىر داموللام كىملەردىن ئىلىم ئالغان؟

4-ئابدۇقادىر داموللام قانداق ۋاپات بولغان؟

5ـئاستىغا سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. (            )

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر مەزگىل مۇددەرىسلىك قىلغان. (            )

ياشلارغا قىلغان قىزغىن ھېسسىياتلىق نۇتۇقلىرى قەشقەردىكى ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. (            )

ئابدۇقادىر داموللام ئۆز يۇرتىنىڭ قالاق، كونا ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسىگە خاتىمە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن. (            )

يېتىم-يېسىرلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۆزىنىڭ مەدرىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ تەربىيىلىگەن. (            )

تالىپلارغا مېھرىبان ئۇستاز، يېتىم-يېسىرلارغا كۆيۈمچان ئاتا بولغان بۇ سۆيۈملۈك ئالىم 1924ـ يىلىنىڭ8ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى شېھىت قىلىنغان. (            )



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 16-دەرس

## سادىر پالۋان




باتۇرلۇقى بىلەن تىللاردا داستان بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى سادىر پالۋان 1798-يىلى ھازىرقى غولجا ناھىيىسىنىڭ موللاتوختىيۈزى يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن.

سادىر پالۋان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېزىلىۋاتقان، قۇللۇققا مەھكۇم بولۇپ خار-زارلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا دۇنياغا كىلىدۇ. سادىر كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ شوخ-تېتىك، خۇشخۇي ۋە جاسارەتلىك چوڭ بولىدۇ.

ئەينى چاغلاردا تاجاۋۇزچى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ قانلىق سياسىتى ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن يولغا قويغان تۈرلۈك ئالۋاڭ-سېلىقلىرى تۈپەيلى، خەلقنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىدۇ. شۇ چاغدا ئالۋان-ياساقنىڭ ئېغىرلىقىدىن خانۇ-ۋەيران بولغاندىن كىيىن، تاجاۋۇزچىلارنىڭ قانلىق قىلىچىدىن قورقۇپ چۆل-جەزىرىلەرگە قېچىپ كەتكەن كىشىلەر ئاز ئەمەس ئىدى. تاجاۋۇزچىلار ئۇلارنى قاچاقلار دەپ ئاتايتتى. بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن سادىردىمۇ ئىشغالچى زالىم چىڭ خانلىقىغا قارشى ئىدىيە شەكىللىنىدۇ ھەمدە ئېزىلگەن خەلقنىڭ چىڭ خانلىقىغا بولغان نارازىلىقىنى ئۆز قوشاقلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەشكە، شۇنداقلا ئاشكارا قارشىلىششقا باشلايدۇ. كيىنكى ۋاقىتلاردا سادىرنىڭ باتۇر، قورقماس بىر باشلامچى ئىكەنلىكى ھۆكۈمەتكە بېسىم ئېلىپ كىلىدۇ. سادىر ئاخىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ زۇلمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چۆل-جەزىرىلەرگە قېچىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنى ئوقيا، قىلىچ، نەيزە ۋە چوماقتەك قۇراللار بىلەن قۇراللاندۇرۇپ، مانجۇ چېرىكلىرىگە قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىدۇ.

كۈرەش جەريانىدا سادىر پالۋان چىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن كۆپ قېتىم ئەسىرگە ئېلىنىدۇ، بۇرنىغا تۆمۈر شۇلۇك ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئوڭ چىكىسىگە قىزىتىلغان تۆمۈر تامغا بېسىلىدۇ. بىر قېتىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ ئوڭ قولىنىڭ بارمىقىدىن ئېسىپ قويغاندا، ئۇ

بارمىقىنى ئۇزۇپ، زىنداندىن قېچىپ چىقىپ، ئىشغالچى مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى



بۇرۇنقىدەكلا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئۇ15يېشىدىن باشلاپ تاجاۋۇزچىلارنىڭ كۆزىگە مىخ بولۇپ قادىلىدۇ. مەنچىڭ ھاكىمىيىتى ئۇنى يوقىتىشقا كۆپ قېتىم ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئامالسىز قالىدۇ. سادىر پالۋان كېيىنكى 35 يىلدا يەتتە قېتىم زىندانغا تاشلىنىپ سۈرگۈن قىلىنىدۇ. ئۇ شۇنداق ئېغىر ۋە قىيىن شارائىتتىمۇ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى بارلىق كۈچى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ.

ھاياتىنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە ئاتىغان، ئىش-ئىزلىرى ھازىرمۇ دىللارنى لەرزىگە سالىدىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخىرلىك قەھرىمانى سادىر پالۋان 1871-يىلى 73 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن:**

سادىر دەپ ئېتىم يامان،!

ئونبەش ياشتا ئاتالغان.

دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،

قۇمۇل خانغا پالانغان.

يامۇلدا تولا يېتىپ،

چېچىم بىر قۇچاق بولدى.

مەن يامۇلنى تەشكەندە،

قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

يامۇلنى تېشىپ قويۇپ،

ئىككى چىقتىم تالاغا.

مېنى باققان بەش يايى،

ئەمدى قالدى بالاغا.

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،

تاغلارنى ماكان ئەتتىم.

## كۆنۈكمە

1-تېكستنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2-سادىر پالۋان قوشاقلىرىنى يادلىۋېلىڭلار.

3-تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

سادىر پالۋان قاچان،قەيەردە تۇغۇلغان ؟

سادىر پالۋان قانچە يېشىدىن باشلاپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلغان؟

سادىر پالۋان 35 يىلدا قانچە قېتىم ئەسىرگە چۈشۈپ قالدۇ؟

سادىر پالۋان قانچە يېشىدا ۋاپات بولغان؟

4-سادىر پالۋان توغۇرلۇق يەنە بىلىدىغانلىرىڭلار بولسا، ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

# ئۈستازنى ئەسلەش



تۆھپىكار ئىسلام ئالىمى - شېھىت مۇھەممەد سالىھ داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مۇھەممەد سالىھ داموللام 1936- يىلى ئاتۇشتىكى تونۇلغان ئالىم سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. سالىھ داموللا ھاجىم ئەينى زاماندا ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى بويىچە يېتىلگەن ئەدىب، ئىسلام دىنى ئىلمىدا توشقان كاتتا ئۆلىما، مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى.
مۇھەممەد سالىھ بىر تەرەپتىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغاچ يەنە بىر تەرەپتىن قۇرئان يادىلاپ، 11 يېشىدا تولۇق قارى بولغان. كېيىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان بولۇپ، ئېغىر جاپالىق كۈنلەردىكى قىيىن شارائىتلاردىمۇ تىرىشىپ ئوقىغان.
ئاتىسى سالىھ داموللا ھاجىم ئوغلىنىڭ ئەتراپلىق يېتىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان شەخستۇر. ئاتىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى ئىلىم تۈرلىرىگە پۇختا ئاساس سېلىپ بولغان مۇھەممەد سالىھ داموللام، كېيىن بېيجىڭغا بېرىپ، ئىسلام ئىنىستىتۇتىدا بىر يىل ئوقۇغان. ئەينى چاغلاردا مىسىردىن تەكلىپ قىلىنغان بەھىيىۇددىن زەييانى، شەيخ ئابدۇللەتىف ھامىد سۇلايمان قاتارلىق پروفېسسورلارنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئەقىدە، ئىسلام پەلسەپىسى، ئىسلام تارىخى، ئىلمىي بالاغەت، ئىلمىي كالام، ئەرەب ئەدەبىياتى قاتارلىق پەنلەرنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى بويىچە پۈتۈن زېھنى بىلەن دىن تەتقىقات خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتكەن.
«قۇرئان كەرىم» دۇنيادا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىۋاتقان شارائىتتا، ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ يوقلىقى زور بىر بوشلۇق ئىدى. ئۇنى تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرئاننى بىۋاسىتە چۈشىنىش، ئېتىقاد جەھەتتىكى جىددى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بۇ تەشنالىقىنى چۈشەنگەن مۇھەممەد سالىھ داموللام ‹‹ قۇرئان كەرىم ‹‹

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


نى تەرجىمە قىلىشنى نىيەت قىلىپ، خېلى بۇرۇندىن تارتىپ نوپۇزلۇق قۇرئان تەفسىرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى توپلاشقا كىرىشكەن.

«قۇرئان كەرىم» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش مۇرەككەپ بىر تەتقىقات جەريانى بولغان. مۇھەممەد سالىھ داموللام ھەربىر ئايەتنى تەرجىمە قىلغاندا نوپۇزلۇق تەپسىر كىتاپلىرىغا مۇراجىئەت قىلغان. ھەربىر ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بويىچە ئەينەن تەرجىمە قىلىپ چىققان. چۈشىنىشكە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، زۆرۈر تېپىلغاندا مەلۇم جايلارغا قىستۇرما سۆز ۋە قىسقىچە ئىزاھلارنى بەرگەن. بۇ ئىزاھلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئىشەنچلىك قۇرئان تەپسىرلىرىدىن تاللاپ ئېلىنغان.

مۇھەممەد سالىھ داموللام كۆپ يىللىق جاپالىق ئەمگەك قىلىپ ئاخىرى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي دەستۇرى بولغان ›› قۇرئان كەرىم ‹‹ نى ئەرەب تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەلەپكە لايىق تەرجىمە قىلىپ چىققان. بۇ تەرجىمە پۈتۈپ نەشر قىلىنىش ئالدىدا، دىيارىمىزدا مۆتىۋەر ھېسابلانغان 15 نەپەر نوپۇزلۇق ئالىمنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلغان. بۇ تەرجىمە 1986-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 200 مىڭ پارچە بېسىپ تارقىتىلغان. شۇنداقلا ›› قۇرئان كەرىم ‹‹ نىڭ بۇ تەرجىمە نۇسخىسى سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھى فەھدىنىڭ تەستىقلىشى ۋە ئەمرى بىلەن پادىشاھنىڭ قۇرئان بېسىش مەتبەئەسىدە بىر قانچە يۈزمىڭ پارچە بېسىلىپ، مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرگە تارقىتىلغان.

مۇھەممەد سالىھ داموللام ئىشلىگەن ›› قۇرئان كەرىم ‹‹ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىڭ سىلاۋىيان يېزىقىدىكى نۇسخىسى موسكۋادا نەچچە مىڭ نۇسخا بېسىپ تارقىتىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىردەك ئالقىشىغا ئېرىشكەن.

مۇھەممەد سالىھ داموللام يەنە ھەدىس ئىلمىدىكى ئالتە ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق كىتابلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان››سەھىھۇلبۇخارى‹‹نى ۋە ››مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى‹‹قاتارلىق كىتابلارنىمۇ ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان.



مۇھەممەد سالىھ داموللام1991- يىلى1- ئايدا مىسىرئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن تاللانغان خەلقئارا ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 10 ئالىم مىسىر رەئىسى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپ، ھۇسنى مۇبارەكنىڭ ئۆز ئىمزاسى قويۇلغان تەبرىك

شاھادەتنامىسىنى ئۆز قولىدىن تاپشۇرۇپ ئېلىپ 1- دەرىجىلىك ئىلىم-پەن ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغان.

دۇنيادىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى بۇ تۆھپىكار ئالىملارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى بەس-بەستە خەۋەر قىلىشقان.

1992-يىلى رامىزان ئېيى. ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ راباتتىكى خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئىلمى تەتقىقاتىنى ئاساس قىلغان لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىدا مۇھەممەد سالىھ داموللام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەرەب تىلىدا يېزىپ تەييارلىغان ئىلمي ماقالىسىنى ئوقۇغان. يىغىندىن كېيىن مۇھەممەد سالىھ داموللامنى پادىشاھ ھەسەن ئىي قوبۇل قىلغان. مۇھەممەد سالىھ داموللام›› قۇرئان كەرىم ‹‹بىلەن›› سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى



شەرھى‹‹نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى پادىشاھقا تەقدىم قىلغان. شۇ پۇرسەتتە مۇھەممەد سالىھ ئەرەپ تىلىدا يازغان قەسىدىسىنى پادىشاھقا سۇنغان. كېيىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ قەسىدىنى لېكسىيە ئوقۇش يىغىنىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ئېلىپ بېرىلغان داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيىتىدە دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن. تەكلىماكان باغرىدىن كەلگەن بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ئانا تىلى بولمىغان، يەنە كېلىپ ئەڭ تەس تىل ھېسابلىنىدىغان ئەرەب تىلىدا يازغان بۇ پاساھەتلىك قەسىدىسىدىن يىغىن قاتناشچىلىرى ئىسلام تارىخىدا تۆھپىسى زور ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ تارىختىكى سىماسىنى قايتا كۆرگەندەك بولغان ۋە ئۇزاققىچە ئالقىش ياڭراتقان... قەسىدە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن پادىشاھ ھەسەن بۇ ئالىم بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋېتىپ: ››قەسىدىنى ناھايىتى پاساھەتلىك يېزىپسىز، خۇددى ئىبنى زەيدۇن(ئەرەبلەرنىڭ ئاتاقلىق كىلاسسىك شائىرى)نىڭ شېئىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم‹‹ دېگەن.

ماراكەشنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى، ئاتاقلىق ئالىم ئابدۇلكەبىر ئەلەۋى››پادىشاھ ئالىيلىرى سىزنىڭ قەسىدىڭىزنى چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى، ئىلگىرى بىرەر ئەدىبنىڭ ئوقۇغان شېئىرىغا چاۋاك چالغان ئەمەس‹‹ دېگەن.

پادىشاھ ھەسەن ئىي مۇھەممەد سالىھ داموللامغا تارتۇقلاش يۈزىسىدىن، ماراكەشنىڭ ئادىتى بويىچە شاھانە كۆلالىق تون بىلەن يەتتە قەۋەت لىباس كىيگۈزگەن. مۇھەممەد سالىھ داموللام تونۇلغان ئالىم ۋە جامائەت ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمي ھەيئەت ئەزاسى بولۇشتەك ئىلمي سالاھىيىتى بىلەن بىر قاتار ئاممىۋى، ئىلمي تەشكىلاتلاردا تېگىشلىك رولىنى جارى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلدۇرۇپ كەلگەن. ئالىمنىڭ نام-شەرىپى ۋە قىسقىچە تەرجىمھالى«دۇنيا مەشھۇر كىشىلىرى»، «دۇنيا مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىسلىرى»، قاتارلىق 10دىن ئارتۇق قامۇس، ئېنسىكلوپېدىيەلەرنىڭ بەتلىرىدىن ئورۇن ئالغان.

ئۇيغۇر ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ پەخرى بولغان يىتۈك ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللام 2018-يىلى 1-ئاينىڭ 24-كۈنى تۈرمىدە قىيناپ شېھىت قىلىنغان.

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

سۆز تومۇرى ۋە قوشۇمچە

تۆۋەندىكى ھەر بىر گۇرۇپپا سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

ئىش – ئىشچى
باغ – باغۋەن

ئاش – ئاشپەز
ۋەتەن – ۋەتەنپەرۋەر

ساۋاق – ساۋاقداش
ئەمگەك – ئەمگەكچان

ھارۋا – ھارۋىكەش
كىتاب – كىتابلار

دوست – دوستۇم
ئۈچ – ئۈچقۇچى

<u>سۆزنىڭ يەككە ھالدا مەنە ئىپادىلەيدىغان قىسمى سۆز تومۇرى دېيىلىدۇ.</u>

<u>سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان قىسمى قوشۇمچە دېيىلىدۇ.</u>

مەسىلەن :

كىتابخانا: «كىتاب» سۆز تومۇرى، «خانا» قوشۇمچە.

دەريانىڭ: «دەريا» سۆز تومۇرى، «نىڭ» قوشۇمچە.

ئوقۇيمەن : «ئوقۇ » سۆز تومۇرى، «يمەن» قوشۇمچە.

مەكتەپتە : «مەكتەپ» سۆز تومۇرى، «تە» قوشۇمچە.

بىر سۆز تومۇرىغا بەزىدە بىر نەچچە قوشۇمچە ئۇلىنىپ كېلىدۇ .

مەسىلەن :

چايدانلارنىڭ – چاي + دان + لار + نىڭ

ئوقۇغۇچىلارغا – ئوقۇ + غۇچى + لار + غا

## ئىشلەپ بېقىڭلار

1ـ تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ ئۆز-ئارا باغلىنىدىغانلىرىنى بىرىكتۈرۈپ يېزىڭلار.

| | | |
|---|---|---|
| ئوقۇ | گەر | ............................................. |
| ئاچ | چان | ............................................. |
| گۇناھ | لىق | ............................................. |
| ئاش | غۇچى | ............................................. |
| تىرىش | پەز | ............................................. |
| سودا | لاق | ............................................. |
| ئوت | كار | ............................................. |

2ـ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىپ يېزىڭلار.

ئۈلگە:

گۈللۈك – گۈل + لۈك

سىزغۇچ :.............................. ئىشخانا : ..............................

ئىنتىزامچان :.............................. ئۆۋچى : ..............................

قۇشلار : .............................. ئانام : ..............................

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلققە : ..............................     چوڭراق : ..............................

ھاياتىلىق :..............................     ساۋاقداش : ..............................

## ئاساسى مەشىق

1ـتۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ جاۋاپلىرىدىن توغرا بولغانلىرىنى تاللاڭلار.

1) مەھمۇد قەشقەرى قايسى ئەسەرنى يازغان؟

**ئا:** تۈركى تىل دىۋانى   **ب:** ئويغانغان زېمىن   **ج:** قۇتادغۇبىلىك   **چ:** ئىز

2) يۈسۈپ خاس ھاجىپ قايسى دەۋردە ياشىغان؟

**ئا:** سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە   **ب:** ياقۇپ بەگ دەۋرىدە   **ج:** بىلمەيمەن

**چ:** قاراخانىلار دەۋرىدە

3)ئابدۇقادىر داموللام بۇخارادىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن نېمىش قىلغان؟

**ئا:** تىككۈچىلىك قىلغان   **ب:** مۇددەرىسلىك قىلغان   **ج:** مۇنچا ئاچقان

**چ:** ئىنىق ئەمەس

4)ئابدۇقادىر داموللام شېھىت قىلىنغاندا قانچە ياشتا ئىدى؟

**ئا:** 50 ياش   **ب:** 52ياش   **ج:** 54 ياش   **چ:** 56 ياش

5) سادىر پالۋان قەيەردە تۇغۇلغان؟

**ئا:** قەشقەردە   **ج:** غۇلجىدا   **چ:** كورلىدا   **چ:** خوتەندە

2ـتۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭ

مەھمۇد قەشقەرى بارلىق زېھنىنى تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشقا ئاتىغان.

-----------------------------------------------

-----------------------------------------------

.-----------------------------------------------

يۇسۇپ  تىرىشىپ ئوقۇغان.

-----------------------------------------------

.------------------------------------------------

ئالىمنىڭ شاھ ئابىدە ئەسىرى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەردۇر.

-----------------------------------------------

------------------------------------------------

.-------------------------------------------

يۇرت كاتتىلىرى بولغان بېخىل بايلارغا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ھەققىدە يول كۆرسەتكەن.

-----------------------------------------------

------------------------------------------------

.-------------------------------------------

سادىر پالۋان دۇنياغا كەلگەن .

-----------------------------------------------

.----------------------------------------------

3-تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار.

قەشقەرى / چىققان / تىلشۇناسلىققا / تۇرلۇك / كۆرۈپ/ ئەسەرلەرنى/ مەھمۇد / مۇناسىۋەتلىك

------------------------------------------------

.-------------------------------------------

ئوغلىنى / تەربىيلەشكە / يۇسۇپنىڭ / كۆڭۈل بۆلگەن/ ئاتا-ئانىسى

------------------------------------------------

.--------------------------------------------

ئەسەرلىرىنى / خاس / مەن / ئوقۇدۇم / ھاجىپنىڭ / يۇسۇپ

www.uyghurkitap.com

-----------------------------------------------------------

.---------------------------------------------------

قەشقەردىكى / ئوقىغان / مەدرىسگە / خانلىق / بىلىم / بولغان / ئابدۇقادىر / 15 يېشىدا / ئالى / يۇرتى / كىرىپ / داموللام

-----------------------------------------------------------

-----------------------------------------------------------

.---------------------------------------------

بۇخارادىكى / قەشقەرگە / ئابدۇقادىر / ئوقۇشىنى / كەلگەن/ قايتىپ / داموللام / تاماملاپ

-----------------------------------------------------------

.---------------------------------------------------

## ئەلۋىدا ئۇستاز

(ئاتاقلىق شائىر، يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىغا ئاتاپ)



مىليۇنلار قەلبىگە ھەسەلدەك ياققان،

ھايات بوستانىغا سۇ بولۇپ ئاققان،

ھېكمەت،خەزىنىلىرىنىڭ ئىشكىنى ئاچقان،

تىلى، زېھنى ئۆتكۈر ئۇستاز ئەلۋىدا.

«ئويغانغان زىمىن»نى يازغان ئېدىڭىز،
زىمىندىن جەۋاھىر قازغان «ئىز»ىڭىز،
ئەل ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقانىدىڭىز،
ھەقىقى ئەل ئوغلى ئۆتكۈر ئەلۋىدا.

داستانلار ئىچىدە «قەشقەر كېچىسى»،
ئۇنىڭدا ئارزۇنىڭ سەدەپ ـ ئۈنچىسى،
چىكىلگەن خەلقىمنىڭ ئۈمىد، رىشتىسى،
شائىرلار باشچىسى، پەرۋاز ئەلۋىدا.

كۆرگەنمىز بىز «ئۆمۈر مەنزىللىرى»نى،
تارىخنىڭ ھەر تۈرلۈك پەسىللىرىنى،
ئاڭلىغان كۈيلەرنىڭ ئېسىللىرىنى،
ئەجداتلار ۋارىسى ئۇستاز ئەلۋىدا.

ـمەھمۇد زەيدى



## بەشىنچى بۆلەك

### ھېكايە- چۆچەكلەر

تۇرمۇشىمىزدا ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتى بولغان ئەقلىمىزنى ياخشى ئىشلارغا قانداق سەرپ قىلىش ۋە ئۆتكەن خاتالىقلاردىن قانداق دەرس ئېلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئەجدادلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بىزلەرگە مىراس قالدۇرغان.

بۇ بۆلەكتىكى دەرسلەر ئارقىلىق بىز كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەخلاق قائىدە- يوسۇنلىرىنى ئۆگىنىسەك، مەنمەنچىلىك، ساختىپەزلىك ۋە ئۆكتەملىكتىن ئىبارەت بۇ رەزىللىكلەرنى قامچىلاشنى ئۆگىنىمىز.



# 17-دەرس

## ئەقىللىق بالا



بۇرۇنقى زاماندا ئىنتايىن ئاچكۆز، ھىيلىگەر بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ يېرىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن.

بىر يىلى، بىر نامرات دېھقان بۇ باي بىلەن ئىجارە توختامى تۈزگىلى بارماقچى بوپتۇ. بىراق، ئۇنى ياشلىق ئوغلى : «دادا ،بۇ ئىشقا مەن بارايچۇ!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ.

بالا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

-سىلى بۇ يىل تېرىلىدىغان زىرائەتنىڭ نەرىنى ئالىدىلا؟ -دەپ سوراپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«دادىسى دېگەن ھاماقەتنىڭ مۇشتۇمدەك شۇمنى ئالدىغا ئەۋەتكىنىنى قارا، ـ دەپ كۈلۈپتۇ باي ئىچىدە، ـ تازا بىر شىلىۋالىسام!»

ـ ئاستىنى، ـ دەپتۇ باي توختامغا قول قويۇپ.

بالا قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇغداي تېرىساق دەپتۇ. بۇغداي پىشقاندا، باي ئىجارە يىغىشقا كەپتۇ. دېھقان بۇغدايلىرىنىڭ باشقىنى ئۈزۈۋېلىپ، غوللىرىنى بايغا قالدۇرۇپتۇ. باي غەزەپلىنىپ ھەيۋە قىلغانىكەن، ئەقىللىق بالا توختامنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. باي غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى بالا يەنە توختام تۈزگىلى بېرىپتۇ. «بۇ قېتىم ئەدىپىڭنى راسا بەرمەيدىغان بولسام» دەپ ئويلاپتۇ باي ۋە :

ـ بۇ يىل زىرائەتنىڭ ئۈستىنىمۇ، ئاستىنىمۇ ئالىمەن، ـ دەپتۇ.

ـ دېگەنلىرىدەك بولسۇن، ـ دەپتۇ بالا مىيىقىدا كۈلۈپ.

ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئۆيىدىكىلەرگە: «بۇ يىل قوناق تېرىيلى» دەپتۇ.

كۈزكەپتۇ. دېھقان قوناقنىڭ بېشىنى ئۈزىۋېلىپ، شېخىنى قالدۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچقان باي:

ـ مەن بۇ يىلقى زىرائەتنىڭ ئاستىنىمۇ، ئۈستىنىمۇ ئالىمەن دېگەن ئىدىمغۇ !-دەپ ۋارقىراپتۇ.



ـ دېگەنلىرىدەك بولدى، ـ دەپتۇ بالا كۈلۈپ تۇرۇپ، ـ قارىسىلا، بۇ قوناق شاخلىرىنىڭ ئۈستىمۇ، ئاستىمۇ شۇ پېتى تۇرمامدۇ!

باي بۇ نۆۋەتمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئۈچىنچى يىلى بالا توختام تۈزگىلى بارغاندا، باي: «ئەمدىغۇ دەردىمنى ئالارمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

ـ يەردىن ئۈنۈپ چىققىنىنى ئالىمەن! -دەپتۇ.

بالا رازىلىق بىلدۈرۈپ:

ـدېگەنلىرىدەك بولسۇن! -دەپتۇ.

دېھقان ئوغلىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە پىياز تېرىپتۇ. كۈز بولغاندا باي كەپتۇ. ئۇ ئېتىزلىقتىكى پىيازلارنى يىغىۋالماقچى بوپتىكەن، بالا توختامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـقارىسىلا، توختامدا سىلى يەردىن ئۈنۈپ چىققىنىنى ئالىمەن دېگەن، شۇڭا سىلىگە پىيازنىڭ كۆكى تېگىدۇ، يەر تېگىدىكى پىياز توختام بويىچە بىزگە قالىدۇ، ـدەپتۇ.

يەنە ئۇتتۇرۇپ قويغان باي دەردكە چىدىماي ئۆيىگە بېرىپلا ئاغرىپ قاپتۇ.

## كۆنۈكمە

1ـتېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

2ـتۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىڭلار ۋە راۋان جۈملە تۈزۈڭلار.

توختام (          ) ..........................................................

ھەيۋە قىلىش (          ) ......................................................

ئەرۋاھى ئۇچۇش (          ) ....................................................

غەزەپلىنىش (          ) ........................................................

غىلىڭ قىلالماسلىق (          ) ...................................................

3ـبالىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىرىنچى يىلى بۇغداي ،ئىككىنچى يىلى قوناق، ئۈچىنچى يىلى پىياز تېرىلدى. بۇنداق قىلىشنىڭ سەۋەبىنى ئۆز-ئارا دىيىشىپ بېقىڭلار.

4ـبۇ چۆچەكنى ئاتا-ئاناڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.





ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

# 18 ـ دەرس

## زەرگىيا

(چۆچەك)

بۇرۇنقى بىر زاماندا،
تەڭرىتېغى باغرىدا،
ئارتىش بوۋاي ياشاركەن
كۆن كەچۈرۈپ زاغرىدا.
ئۇنىڭ گۈلتىكىن دېگەن
قىز نەۋرىسى بار ئىكەن،
تۇتقان ئۆيى ئۇلارنىڭ
بىساتسىز ھەم تار ئىكەن.
بىر كۈنى ئۆي ئىچىگە
بىر ئاق مۈشۈك كىرىپتۇ.
«مياۋ، مياۋ، مياۋ»دەپ
قىز قېشىغا بېرىپتۇ.
تۇمشۇقىنى سۈركەپ ئۇ،
قىز پۇتىنى پۇراپتۇ.
مۆلدۈرلىتىپ كۆزىنى
قىزدىن شەپقەت سوراپتۇ.



ئاپتورى :مۇھەممەد روزى يارقىن (ئۆزگەرتىپ ئېلىندى)

ئىچ ئاغرىتىپ ئۈنىڭغا

قىز، بىر ئاز نان بېرىپتۇ.

خۇرسەن بولۇپ ناننى يەپ

مۈشۈككە جان كىرىپتۇ.

لېكىن بوۋاي بىردىنلا

ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ.

نە ئۈچۈندۇر پۇت-قولى

خۇددى مۇزدەك قېتىپتۇ.

ھەسرەت چېكىپ گۈلتىكىن

كۆزىدىن ياش تۆكۈپتۇ.

بىلمەي قانداق قىلىشنى

چوڭقۇر غەمكە چۆكۈپتۇ.



كۈتمىگەندە كېچىدە

ئاجايىپ ئىش بولۇپتۇ.

مۈشۈك ئارقا پۇتىدا

ئۆرە بولۇپ تۇرۇپتۇ.

كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ

چىقىرىپتۇ ئۇ زۇۋان:

«يىغلىما قىز، يىغلىما

چەكمە ئارتۇق دەرد-پىغان.

بارغىن تەگرى تېغىغا

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردە بار زەرگىيا.
زەرگىيانى ساقلايدۇ
قۇلباق دېگەن ئەۋلىيا.
سوراپ ئېلىپ گىيانى
ئۆيگە چاپسان يېنىپ كەل.
ئۇنى پۈرات بوۋاڭغا
تىلەكلىرىڭ بولار ھەل».
مۈشۈك غايىپ بولۇپتۇ
قىزچاق ھەيران قېلىپتۇ.
بولغان ئىشنى چۈشىدەك
ئاران ئەسكە ئېلىپتۇ.
تاڭ ئاتقاندا تاغ تامان
ئاتلىنىپتۇ گۈلتىكىن.
بوۋىسىنى ئاللاھقا
تاپشۇرۇپتۇ گۈلتىكىن.
مېڭىپتۇ ئۇ مېڭىپتۇ،
قاپتۇ قانچە جىلغا، ساي.
تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ
كۆرۈنگەندە كۆكتە ئاي.
بۇ يەر ئىكەن ئاجايىپ
سۈرەتتەكلا ئۈز-كۆركەم.

بىراق شۇنچە جىمجىتكەن،

كۆرۈنمەسكەن ھېچ ئادەم.

قىزچاق ھېرىپ كەتكەچكە

ئۇخلىماققا يېتىپتۇ.

بوۋىسىنى ئويلاپ ئۇ

نىيىتىدىن يېنىپتۇ.

ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،

تاغقا قاراپ توۋلاپتۇ:

«قۇلباق بوۋا، سىز نەدە؟»

تاغنى سادا قاپلاپتۇ.

بىر چاغ قارلىق چوققىدا

پەيدا بوپتۇ بىر بوۋاي.

ئۆزى تېمەن، ئاقساقال

خۇددى كۈندەك نۇر چىراي.

دەپتۇ بوۋاي: «كەلتۈردى

سېنى قايسى دەرد، قىزىم.

قۇلباق بوۋاڭ ئالدىڭدا

تەلپىڭنى ئېيت، قىزىم».

ھۆرمەت بىلەن بوۋايغا

قىزچاق سالام بېرىپتۇ.

كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ،



بولغان ئىشنى ئېيتىپتۇ.
دەپتۇ بوۋاي: «ھەي قىزىم،
بۇ ئىش چاتاق بولۇپتۇ.
ئاشۇ ياۋۇز شۇم مۇشۇك
كۆڭلىگە ئىش پۈكۈپتۇ.
ئەسلى ئۇ بىر جادۇگەر
ھىيلىسى كۆپ بەتنىيەت.

زەرگىيا دەپ بۇ يەرگە
كەلگەنىدى قانچە رەت.
ئالدانمىدىم ئالدىمغا
قوزا بولۇپ ئۇ كەلسە.
زەرگىيانى بەرمىدىم
مۈماي بولۇپ ياش تۆكسە
ئاخىر ئامال قىلالماي
سېنى تېپىپ ئالداپتۇ.
نىمجان قىلىپ بوۋاڭنى
سېنى بۇ يان ھەيدەپتۇ.
بەرسەم ساڭا زەرگىيا
ئېلىۋالار ئۇ جەزمەن.
بوۋاڭ كەلمەس ئەسلىگە
سەن قالسەن دەرد بىلەن».

دەپتۇ قىزچاق: «جان بوۋا،
نە ئامال بار بۇنىڭغا؟
ھەرگىز بېرىپ قويمايلى
زەرگىيانى ئۇنىڭغا».
دەپتۇ بوۋاي: «كۆك كۆلدە
قابان دېگەن يىگىت بار.
تاغدىن يۇكسەك ئىرادە،
كۈچ-جاسارەت ئاڭا يار.
ئۇنى ئىزدەپ، ئاڭا ئېيت،
ساڭا ياردەم قىلىدۇ.
جادۇگەرنىڭ تېنىنى
قىلىچىدا تىلىدۇ ...».
قىزچاق ئىزدەپ قابانىنى
كۆككۆل تامان يول ئاپتۇ.
پىژ-پىژئىسسىق ئاپتاپتا
ئۇ چاكىلداپ چاڭقاپتۇ.
بوۋىسىنى ئويلاپ قىز
غەيرەتلىنىپ مېڭىپتۇ.
ئاخىر كۆككۆل بويىغا
كۈن پاتقاندا كېلىپتۇ.
ساھىلدا كۆككۆلنىڭ



www.uyghurkitap.com



يالغۇز كەپە تۇرغۇدەك.
بەستى يوغان بىر يىگىت
ئۇيان-بۇيان يۈرگۈدەك.
سالام قىپتۇ قىز كېلىپ
يىگىت قارشى ئېلىپتۇ.
قىز سۆزىدىن يىگىتمۇ
ھەممە ئىشنى بىلىپتۇ.
دەپتۇ قابان: «جان سىڭلىم،
بىر ئەمەس ئون باراردىم.
جادۇگەرنىڭ بېشىنى
قىلىچىمدا چاپاردىم.
لېكىن بايا بۇ يەرگە
كەلدى دۈمچەك بىر موماي.
ئۇ سورىدى مېنىڭدىن
بىر پىيالە ئىسسىق چاي.
ئۆيگە باشلاپ مومايىنى،
ئوت قالىدىم ئوچاققا.
بىر ئۆرۈلسەم موماي يوق
كۆزۈم چۈشتى غىلاپقا.
يەردە غىلاپ يېتىپتۇ،
ئىچىدە يوق قىلىچىم.

ئاپلا دېدىم، قوغلىدىم

ئوتتەك ياندى ئىچ-تېشىم.

كۆلگە يېقىن قالغاندا

يېتىشۋالدىم مەن ئاڭا.

قېرى دېدى: «بۇ قىلىچ

ئەمدى ھەرگىز يوق ساڭا».

قىلىچىمنى كۆلگە ئۇ

تاشلىۋەتتى ئالدىراپ.

غايىپ بولدى ئالدىمدىن

پاقىدەك بىر كوركىراپ.

يىگىت سۆزى قىزچاقنى

سېلىپتۇ چوڭ گۇمانغا.



گويا سىرنى بىلگەندەك

سۆزلەپتۇ ئۇ قابانغا.

«قۇلباق بوۋاي سۆزىنى

ئاڭلىۋاپتۇ جادۇگەر.

كۆزىگىزنى باغلاپتۇ

كېلىپ بۇيان ھىيلىگەر.

كۆل بويىدا بەلكى ئۇ،

پاقا بولۇپ ياتقاندۇر.

بىزنى شۇ تاپ كۈزەتكەچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەندىشىگە پاتقاندۇر».

دەپتۇ قابان غەزەپتە:

«بولسىمۇ ئۇ بىر يولۋاس.

كۆل قىلىمەن تېنىنى

بولسىمۇ گويا ئالماس».

ئۇلار تېزدىن مېڭىپتۇ

كۆل بويىنى چارلىشىپ.

راست ياتقۇدەك بىر پاقا

يەرگە مەھكەم چاپلىشىپ.

كۆتۈرۈپتۇ پۇتىنى

قابان ئۇنى دەسسەي دەپ.

پاقا چۆشۈپ كېتىپتۇ

كۆل ئىچىگە بىر سەكرەپ.



كۆپ ئۆتمەي سۇ يۈزىدە

پەيدا بوپتۇ چوڭ بېلىق.

ئۇ پاقىغا توۋلاپتۇ:

«كۆلدىن يوقال ھەي سېسىق».

پاقا قورقۇپ بېلىقتىن

قومۇشلۇققا مۆكۈپتۇ.



ياۋا غازلار غاقىلداپ

ئۇنى قوغلاپ سۈرۈپتۇ.

پاقا كۆككە ئۆرلەپتۇ

ئايلىنىپ ئاق ئۆردەككە.

بۈركۈت كېلىپ ئۇرۇپتۇ،

چۈشۈپتۇ ئۇ ئورەككە.

سەت چىرقىراپ ئورەكتىن

چىقىپ كەپتۇ بىر قاۋان.

ئۇنى گالدىن ئېلىپتۇ

شىر يۈرەكلىك مەرد قابان.

شۇ ئەسنادا چوڭ بېلىق

ئۈزۈپ كەپتۇ قىرغاققا.

سۈزۈپ ئالغان قىلىچنى

ئۇزىتىپتۇ قىزچاققا.

قىزچاق ئېلىپ قىلىچنى

شۇم قاۋانغا ئۇرۇپتۇ.

جادۇگەرنىڭ شۇ ئانلا

ئەپتى ئايان بولۇپتۇ.

تەقى-تۇرقى ئۇنىڭكى

ئوخشىماسكەن قاۋانغا،

چوڭقۇر، ئەلەس كۆزلىرى

www.uyghurkitap.com

ئوخشايدىكەن زىندانغا.

باشلىرىدا تۈكى يوق،

ئاغزى ئوخشار كامارغا.

قوتۇر ئىتتەك بەدىنى

ئوخشايدىكەن ماتاغا.

قاپان ئېلىپ قىلىچنى

جادۇگەرنى چېپىپتۇ.

بۇ بەدنىيەت ئاخىرى

جەھەننەمگە كېتىپتۇ.

تەگرىتاغدا قۇلباقتىن

زەرگىيانى ئاپتۇ قىز.

خۇشال سەكرەپ كىيىكتەك

ئۆز ئۆيىگە كەپتۇ تىز.

پۇرىتىپتۇ گىيانى

بوۋاي كەپتۇ ئەسلىگە.

ئۆي كىرىپتۇ شۇ تاپتا

گويا بايرام تۇسىگە.

ئارتىش بوۋاي، گۈلتىكىن

خۇشاللىنىپ كۈلۈپتۇ.

ئۆمرى بەخت ئىچىدە

گۈلدەك گۈزەل ئۆتۈپتۇ.



## كۆنۈكمە

1-بۇ شېئىرىي چۆچەكنى راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2-«تەڭرىتاغدا قۇلباقتىن»دېگەن يەردىن باشلاپ ئاخىرىغىچە تېكىستلەشتۈرۈپ رەتلەپ يېزىپ بېقىڭلار.

3-سىلەر يەنە قايسى چۆچەكلەرنى بىلىسىلەر؟ سىنىپتا ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

4-چۆچەكتىكى سىلەرگە ئەڭ تەسىر قىلغان بۆلەكنى سىزىۋېلىپ، يادلىۋېلىڭلار.



www.uyghurkitap.com

# 19-دەرس

## ساپال كومزەك بىلەن تۆمۈر كومزەك

پادىشاھنىڭ تاماقخانىسىدا ئىككى كومزەك بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ بىرى ساپالدىن، يەنە بىرى تۆمۈردىن ئىكەن. ھاكاۋۇر تۆمۈر كومزەك ساپال كومزەكنى كۆزگە ئىلماي، دائىم مازاق قىلىدىكەن.




-ھەي ساپال كومزەك! ماڭا چېقىلىپ باقە! - دەيتتى تۆمۈر كومزەك تەكەببۇرلۇق بىلەن.

-ھەددىمۇ بۇرادەر، -دەيتتى ساپال كومزەك كەمتەرلىك بىلەن.

-شۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، قورقۇنچاق! -دەيتتى تۆمۈر كومزەك كەمستكەن ھالدا.

-ساڭا راست چېقىلالمايمەن، لېكىن مەن قورقۇنچاق ئەمەس، -دەيتتى ساپال كومزەك ئۆزىنى ئاقلاپ، -بىز تۇغۇلىشىمىزدىنلا بىر-بىرىمىزنى چېقىشقا ئەمەس، بەلكى نەرسە قاچىلاشقا يارالغان. نەرسە قاچىلاشقا كەلگەندە مەن سەندىن قېلىشمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە...



-ئاغزىڭنى يۇم! -تۆمۈر كومزەكنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ، - مەن بىلەن تەڭ تۇرۇشقا قانداق پېتىنىدىڭ! قاراپ تۇر، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا كۇكۇم-تالقان بولۇپ كېتىسەن، مەن بولسام مەڭگۈ مۇشۇنداق تۇرۇۋېرىمەن. ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن.

-ئۇنداق دەپ كەتمىگىنچۇ، -دەيتتى ساپال كومزەك، -يەنىلا ئىناق ئۆتكىنىمىز ياخشى، سوقۇشقۇدەك نېمە ئىش بار!

-سەن بىلەن بىللە تۇرۇش مەن ئۈچۈن نومۇس، سەن نېمىتىلىك! -دەيتتى تۆمۈر كومزەك، -قاراپ تۇر، ھامان بىر كۈنى سېنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتكىنىم قىلىۋەتكەن!

شۇنىڭدىن كېيىن ساپال كومزەكنىڭ تۆمۈر كومزەك بىلەن كارى بولماپتۇ.

ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ، جاھاندا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپتۇ. پادىشاھ ئاغدۇرۇلۇپ، ئوردا ۋەيران بوپتۇ. ئىككى كومزەك بولسا توپا بېسىپ تاشلىنىپ قاپتۇ.

نۇرغۇن ئەسىرلەر ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ دۆۋە-دۆۋە خارابىلىك ئارىسىدىن ھېلىقى ساپال كومزەكنى بايقاپ قاپتۇ.

-ۋۇي، بۇ يەردە بىر كومزەك تۇرىدىغۇ! -دەپتۇ بىر كىشى ھەيران بولۇپ.

-راست، ساپال كومزەك ئىكەن! قالغانلارمۇ خۇشاللىقتىن توۋلىشىپ كېتىپتۇ.

ئۇلار ساپال كومزەكنىڭ ئىچىدىكى توپىنى تۆكۈۋېتىپ، پاكىز يۇيۇۋېتىكەن، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا پارقىراق، سىپتا، چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

-نېمە دېگەن چىرايلىق ساپال كومزەك بۇ ! -دەپتۇ بىر كىشى، -ئۇنى چېقىۋەتمەڭلار يەنە، بۇ دېگەن قەدىمىي بۇيۇم، ناھايىتى قىممەتلىك.

-رەھمەت سىلەرگە! -دەپتۇ ساپال كومزەك خۇش بولغىنىدىن، -مېنىڭ تۆمۈر كومزەك بۇرادىرىم قېشىمدىلا، ئۇنىمۇ كولاپ چىقىرىۋېلىڭلار، بولامدۇ؟ ئۇنىڭ چوقۇم دېمى سىقىلىپ كەتتى.

كىشىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. ئەمما تۆمۈر كومزەكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن.

### كۆنۈكمە

1-تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ۋە يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بېلىۋېلىڭلار.

2-«بىز تۇغۇلىشىمىزدىنلا بىر-بىرىمىزنى چېقىشقا ئەمەس، بەلكى نەرسە قاچىلاشقا يارالغان» دېگەن جۈملىدىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟

3-«كىشىلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپىنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. ئەمما تۆمۈر كومزەكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن» دېگەن جۈملىدىن نېمىلەرنى ھېس قىلدىڭلار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

4ـئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بېلىۋېلىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

هاكاۋۇر تۆمۈر كومزەك ساپال كومزەكنى كۆزگە ئىلماي، دائىم مازاق قىلىدىكەن.

مازاق:------------------------------------------------------------

--------------------------------------------------.

-ئاغىنىڭنى يۇم ! -تۆمۈر كومزەكنىڭ راسا ئاچچىقى كەپتۇ.

راسا: ------------------------------------------------------------

--------------------------------------------------.

-قاراپ تۇر، هامان بىر كۈنى سېنى كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتكىنىم قىلىۋەتكەن!

كۇكۇم-تالقان:----------------------------------------------------

--------------------------------------------------.

كىشىلەر دەرهال هەرىكەتكە كېلىپ، ئەتراپنى كولاشقا كىرىشىپتۇ. ئەمما تۆمۈر كومزەكتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىكەن.

ئەسەرمۇ: ----------------------------------------------------------

--------------------------------------------------.

5ـساۋاقداشلاردىن بىرى تېكىستنى ئوقۇپ بەرسۇن، جانلىق هالدا بىرىڭلار ساپال كومزەكنىڭ، بىرىڭلار تۆمۈر كومزەكنىڭ رولىنى ئېلىپ بېقىڭلار.



# 20ـ دەرس

## مەندىن قورقىدۇ

بىر كۈنى سەلەي چاققاننى گەپكە سېلىپ، ئىچ پۇشۇقنى چىقارماقچى بولغان ئامبال سەلەي چاققاننى ئۆيىگە چاقىرىپتۇ. سەلەي چاققان ئامبالنىڭ هويلىسىغا كىرىشىگە كارىۋات ئاستىدا ياتقان ئىت قاۋىغان پېتى سەلەي چاققانغا ئېتىلىپتۇ. سەلەي چاققانمۇ بوش كەلمەي ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى تەپكەنىكەن، ئىت غىڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى قىسىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئامبالنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ:

ـ هە... هە! سەلەي! سېنى سەلەي چاققان، سەلەي چاققان  دەپ قويساق، دىمىغىڭ بەك ئۇستۈن بولۇپ كېتىپتىغۇ! ئەجەبا يۈز-خاتىرىمۇ قىلماي ئىتىمنى تېپىۋاتىسىنا؟! سەن هېچكىمدىن قورقمايدىغان ئوخشىمامسەن؟ ـ دەپتۇ.



سەلەي چاققان دەررۇ: «قورقىمەن تەقسىر!» دەپتۇ.

ئامبال : «كىمدىن قورقىسەن؟» دەپ سوراپتۇ.

ـ پاششاپتىن.

ـ پاششاپ كىمدىن قورقىدۇ؟

ـ بەگدىن.

ـ بەگ كىمدىن قورقىدۇ؟

ئامبالدىن.

ئامبال گەپنىڭ ئارقىسىغا قىزىقىپ، ئەمدى نىمە دەركىن؟ دېگەن خىيالدا سوئالنى داۋام قىپتۇ:

ـ ئامبال كىمدىن قورقىدۇ؟

ۋاڭدىن.

ـ ۋاڭ كىمدىن قورقىدۇ؟

ـ خاندىن.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئامبال تېخىمۇ قىزىقىپ، يەنە نىمە گەپ چىقاركىن دەپ ئويلاپ:

-خان كىمدىن قورقىدۇ؟

-خوتۇنىدىن.

-خوتۇنى كىمدىن قورقىدۇ؟



-بوراندىن.

بوران نىمدىن قورقىدۇ؟

ئەسكى تامدىن.

-ئەسكى تام نېمىدىن قورقىدۇ؟

-چاشقاندىن.

-چاشقان نېمىدىن قورقىدۇ؟

-مۈشۈكتىن.

-مۈشۈك نېمىدىن قورقىدۇ؟

-ئىتتىن.

-ئىت نېمىدىن قورقىدۇ؟

-....

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سەلەي چاققان بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ:

«-ئىت مەندىن قورقىدۇ تەقسىر،» دەپ كارىۋات ئاستىدا ياتقان ئىتنى كۆرسىتىپتۇ.

# قورسقىمنى تويغۇزۇپ كېلەي

بىر كۈنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇزۇن كۈتۈپتۇ، لېكىن تاماق كەلمەپتۇ. سەلەي چاققان كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا ئاشپەز ئۇستام :



-سەلەي ئاخۇن، تاماق يېمەي قايتىپ كېتەمدىلا؟ -دەپ سوراپتۇ.

-بۇ ئاشخانىغا ئۇقماستىن كىرىپ قاپتىمەن، ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ قورسقىمنى تويغۇزۇپ كەلسەم بولغۇدەك، -دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

## كۆنۈكمە

1-تېكستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، لەتىپىدە نېمە سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

2-سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىن يەنە بىلەمسىلەر؟ بىلسەڭلار ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

3.تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

سەلەي چاققان(                    )كىرىشكە كارىۋات ئاستىدا ياتقان ئىت (                    ) سەلەي چاققانغا ئېتىلىپتۇ. (                    )مۇ بوش كەلمەي ئىتنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنى (                    )، ئىت(                    ) قۇيرۇقىنى قىسىپ (                    ) ئاستىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

-بۇ (                    )ئۇقماستىن كىرىپ قاپتىمەن، ئاۋۋال(                    ) بېرىپ قورسقىمنى تويغۇزۇپ كەلسەم بولغۇدەك، -دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ(                    ).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

## سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار

تۆۋەندە  بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىڭلار  ھەم بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سۆز تومۇرىغا ئۇلانغاندىن كېيىنكى رولى ھەققىدە پارتىدىشىڭلار بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ بېقىڭلار:

1ـئۇ ناھايىتى ئىشچان  بالا .          (                    )          (                    )

2ـئاشپەز تاماق ئىتىۋاتىدۇ.          (                    )          (                    )

3ـئۇنىڭ دادىسى بەك سۆزمەن.          (                    )          (                    )

4ـئەخمەت ئۇستا باغاچچى.          (                    )          (                    )

بەزى قوشۇمچىلار سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ يېڭى مەنىلىك سۆز ياسايدۇ، بەزى قوشۇمچىلار جۈملىدە سۆزلەرنى بىر-بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. قوشۇمچىلار مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ يېڭى سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دېيىلىدۇ.

مەسىلەن :

تۇز + لۇق = تۇزلۇق

تىرىش + چان = تىرىشچان

ئەمەل + دار = ئەمەلدار

گۇۋاھ + نامە = گۇۋاھنامە

ئىشلەپ بېقىڭلار

بېرىلگەن سۆزلەرگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئۇلاپ، يېڭى مەنىلىك سۆز ياساڭلار.

ئىش :　　　　ئاش :

باغ :　　　　ئوقۇ:

چاي :　　　　دەرس:

دۇكان:　　　　كەپتەر:

خەت :　　　　گېزىت:

جەدۋەلگە بېرىلگەن سۆز تومۇرى بىلەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۆز-ئارا ئۇلاپ، قانداق يېڭى سۆز ياسالغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار. يەنە قانداق يېڭى مەنىلىك سۆزلەرنى ياساشقا بولىدۇ، سىناپ بېقىڭلار.

| سۆز تومۇرى | سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار | سۆز |
|---|---|---|
| گۈل | خان | |
| ئاش | خانا | |
| سۇ | دان | |
| بايراق | دار | |
| پاختا | زار | |
| ھارۋا | كەش | |
| ئەقىل | سىز | |
| شوتا | چاق | |
| ياسان | چۇق | |
| كۆل | چەك | |
| تاش | چى | |
| ئاي | لىق | |
| يۆلەن | چۈك | |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاساسى مەشىق

1ـ تۆۋەندىكى سۈپەتلەرنىڭ كەينىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇڭلار

چىرايلىق ____ ____ ____

يېڭى ____ ____ ____

سىمىز ____ ____ ____

ئېگىز ____ ____ ____

ئەسكى ____ ____ ____

ئۇزۇن ____ ____ ____

2ـ ئۆگەنگەن تېكستلىرىمىزگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەر توغرا بولسا«✓»بەلگىسىنى، خاتابولسا«✕» بەلگىسىنى قويۇڭلار.

بۇرۇنقى زاماندا ئىنتايىن ئاچكۆز، ھىيلىگەر بىر باي ئۆتكەنىكەن. (   )

دېھقان بىرىنچى يىلى تاۋۇز، ئىككىنچى يىلى قوناق تېرىغان. (   )

پادىشاھنىڭ تاماقخانىسىدا ئىككى كومزەك بار ئىكەن. (   )

ئىككى كومزەك ئۇرۇشماي، ئىنتايىن ئىجىل-ئىناق ئۆتىدىكەن. (   )

بىر كۈنى سەلەي چاققان تاماق يېيىش ئۈچۈن ئاشخانىغا كىرىپ ئۇزان كۈتۈپتۇ، لېكىن تاماق كەلمەپتۇ. (   )

سەلەي چاققان ئاۋال ئۆيگە بېرىپ پۇل ئەكىلەي دەپتۇ. (   )

3ـتۆۋەندىكى قىسقا لەتىپىنى رەتلەپ بېقىڭلار.

(   ) تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

(   ) ئۆزىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئويغۇنۇپ كەتكەن نەسىردىن ئەپەندىم قوللىرىغا قارىسا، قوللىرى قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك.

(   ) چۈشتە قورسىقى ئېچىپ بىر دەرەخنىڭ سايىسىدە ئولتۇرۇپ تاماقنى يەپتۇ.

(   ) ئەۋلىيانىڭ قولىدا 100 تال ئالتۇن بار ئىكەن.

(   ) ئەۋلىيا ئالتۇنلارنىڭ ھەممىنى بېرىپ، بىر تال قالغاندا بەرگىلى ئۇنىماپتۇ.

(   ) ئەۋلىيا بىر تال-بىر تالدىن ئالتۇنلارنى ئەپەندىمگە بېرىشكە باشلاپتۇ.

(   ) بۇنى كۆرگەن نەسىردىن ئەپەندىم قايتا يېتىپتۇ ۋە-بولدى، توقسان توققۇز بولسۇن! ـدەپتۇ.

( 1 )نەسىردىن ئەپەندىم بىر كۈنى ئېتىزلىقتا ئىشلەپتۇ.

(   ) چۈشىدە بىر ئەۋلىيا كۆرۈپتۇ.

(   ) نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ـنېمشقا يۈزىنچى ئالتۇننى بەرمەيسەن؟ ـدەپ ۋارقىراپتۇ.

3ـتۆۋەندىكى چۆچەكنىڭ داۋامىنى يېزىپ بېقىڭلار.

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بار ئىكەن. پادىشاھ بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. پادىشاھ ۋە قوغدىغۇچىلىرى ئۇزاق يول بېسىپ بىر تاغ جىلغىسىغا كەپتۇ. جىلغىدا كېتىپ بارسا، تۇيۇقسىز ________________________________

________________________________________________________________

________________________________________________________________


________________________________________________________________

________________________________________________________________

________________________________________________________________

________________________________________________________________

. ______________________________________________________



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

يادلىۋالاي

## توخۇ بىلەن ئۆردەك

(شېئىرىي مەسەل)



توخۇ دېدى ئۆردەككە:
ئۇچالامسەن مېنىڭدەك؟
ۋاي كالانپاي بىچارە،
قۇش بولامدۇ سېنىڭدەك!



ئۆردەك دېدى: ھەي ئاداش،
كەمستمىگىن مېنى سەن.
ئۈزۈپ باققىن ئېقىندا،
چەبدەس بولساڭ قېنى سەن.

بۇنى ئاڭلاپ توخۇنىڭ
سۆزمەن تىلى تۇتۇلدى.
دەپ:«سۆزۈڭغۇ ئورۇنلۇق...»
خىجىللىقتىن قۇتۇلدى.

بۇئالەمدە نۇقسانسىز
بىرەر جانلىق تېپىلماس.
ماختاش بىلەن ئۆزۈڭنى،
ئاجىزلىقىڭ يېپىلماس.

-ھاجى ئەھمەت كۆلتېگىن




# ئىلىم-پەن باغچىسى

بىزنىڭ سوراپ-سوراپ تۈگىتەلمەيدىغان نۇرغۇن«نېمە ئۈچۈن» لىرىمىز بار.

بۇ «نېمە ئۈچۈن»لەرگە جاۋاپ تېپىش ئۈچۈن ئىلىم-پەننى قەدىرلەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرلىشىمىز كېرەك.

بۇ بۆلەكتىكى دەرىسلىرىمىزدە ھەسەل ھەرىسىگە ئوخشاش ئەنە شۇ ئىلىم-پەن باغچىسىنىڭ گۈل-چاڭلىرىدىن ھەسەللەرنى يىغىمىز.

پەند-نەسىھەت



ئەسلىيسى: بىلىگ بىلىك يابەگىم،

بىلىگ سىزگە ئەش ئولۇر.

بىلىگ بىلگەن ئول ئەرگە

بىر كۈن دەۋلەت تۇش بولۇر.

بىلگىلىك ئەر بىلىڭە

تاش قورسانسا قاش بولۇر.

بىلگسىزنىڭ يانىغا

ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

يەشمىسى: بىلىم ئىلىك ئەي يىگىت، بىلىم سىزگە ھەمراھ بولىدۇ.بىلىم ئىگىلىگەن يىگىتكە، بىر كۈنى دۆلەت(بەخت) يار بولىدۇ.

بىلىملىك ئەرنىڭ بىلىگە تاش قىستۇرسا ياقۇتقا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قويسا تاشقا ئايلىنىدۇ..

www.uyghurkitap.com

## 21-دەرس

# ئالەم بوشلۇقىدىكى قىزىقارلىق ئىشلار

ئالەم ئۇچقۇچىلىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدا قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئېيتىپ كەلسەك، بۇ بەكلا قىزىق.






ئالەم كېمىسىدە ئادەم ئۆرە تۇرۇپمۇ، يېتىپمۇ ئوخشاشلا بەھۇزۇر ئۇخلىيالايدۇ. بىراق، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى تىنچ ئۇخلاش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇخلاش قېپىغا باغلاپ قويىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، بىر ئۆرۈلسىلا لەيلەپ قالىدۇ.

ئۇلار ئىستاكاندا سۇ ئىچمەكچى بولسا، ئىستاكاننى دوم كۆمتۈرسىمۇ سۇ تۆكۈلمەيدۇ. چۈنكى، ئالەم كېمىسىدە ئېغىرلىق يوقىلىدۇ. شۇڭا، ئالەم ئۇچقۇچىلىرى سۇ ئىچكەندە، سۈمۈرۈش نەيچىسى ئورنىتىلغان پىلاستىك ئىستاكان ئىشلىتىدۇ.

ئالەم كېمىسىدە مېڭىش تېخىمۇ قىزىقارلىق. ئادەم ئازراقلا كۈچەپ قويسا، بوشلۇقتا لەيلەپ قالىدۇ. بىرنى يۆتىلىپ قويسىمۇ، كەينىگە بىر نەچچە قەدەم داجىپ كېتىدۇ. ئالەم ئۇچقۇچىلىرى مۇقىم ھەم سىلىق مېڭىش ئۈچۈن ئاستىدا ئىلمىكى بار ئاياغ كىيىپ، تور بىكىتىلگەن پولنى دەسسەپ ماڭىدۇ.

جۈمەكتىن چىققان سۇ بوشلۇقتا لەيلىۋالىدىغان بولغاچقا، ئالەم كېمىسىدە يۇيۇنۇش تەس. بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇتەخەسسىسلەر بىر خىل ئالاھىدە يۇيۇنۇش ئەسۋابىنى لايىھىلەپ چىقتى. بۇ ئەسۋاپ جۈمەكتىن چىققان سۇنى بىر يۆنىلىشتە سۈمۈرىۋالىدۇ.

قانداق، ئالەم بوشلۇقىدىكى تۇرمۇش قىزىقارلىقمىكەن؟

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى راۋان، توغرا ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.


2-تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭلار ھەمدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

3-ئىنسانلار ئالەم بوشلۇقىغا نېمە ئارقىلىق چىقىدۇ؟

4-تېكىستتە بايان قىلىنغان ئالەم بوشلۇقىدىكى قىزىقارلىق ئىشلاردىن ئۈچنى  سۆزلەپ بېرىڭلار؟!

5-ئالەم كېمىسىدە ئۇخلاش، سۇ ئىچىش، مېڭىش، يۇيۇنۇش قاتارلىقلارنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىدىكى سەۋەبنى تېكىست ئىچىدىكى بىر ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار؟!

6-سىز ئالەم بوشلۇقى توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى بىلىسىز؟



www.uyghurkitap.com

# 22-دەرس

## تۇنجى ئۇچقۇچى

ئەركىن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. تېلېۋىزورنى ئېچىشىغىلا ئۇ ياخشى كۆرىدىغان پىروگراما «ئادەم ۋە تەبىئەت» قويۇلۇۋاتاتتى. پىروگراممىدا قۇشلارنىڭ ئۇچۇش ۋە قونۇش جەريانىدا تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق ساقلايدىغانلىقى، بارماقچى بولغان مەنزىلنى قانداق پەرقلەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار سۆزلىنىۋاتاتتى.

-دادا، -بىزمۇ قۇشلارغا ئوخشاش ئاسماندا پەرۋاز قىلالىساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى -ھە ! -دەپ سورىدى ئەركىن توساتتىنلا.

-ئالله بىزنى قۇشلاردەك ئۇچالايدىغان قىلىپ ياراتمىغىنى بىلەن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان ئەقىلنى ئاتا قىلغان، شۇڭلاشقا ئىنسانلار ئەنە ئاشۇ ئەقلىغا تايىنىپ ھەر خىل ئايروپىلانلارنى ياساپ چىقتى ئوغلۇم -دېدى دادىسى ئەركىنگە قاراپ.

-ئۇنداقتا، دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئۇچقان كىشى كىم؟

-دۇنيادا تۇنجى بولۇپ ئۇچقان كىشى ھەزرفەن ئەھمەد چەلەبى.

-نېمە؟ ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى؟ ئۇ كىشى مۇسۇلمانمۇ؟

-شۇنداق ئوغلۇم، ئۇ كىشى مۇسۇلمان.17- ئەسىردە ياشىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تۈرك ئالىمى.

-دادا، ئۇ كىشى توغۇرلۇق بىر ئاز سۆزلەپ بېرەمسىز؟



ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

بولىدۇ ئوغلۇم، ئەمسە دىققەت بىلەن ئاڭلا! ئۇ كىشى ئۆزىگە قۇشلارنىڭ قانىتىغا ئوخشاش قانات ياساپ قۇشلاردەك ئاسماندا پەرۋاز قىلغان.

1632- يىلى شاماللىق بىر ھاۋادا بىلەكلىرىگە ئۆزى ياسىغان قاناتلىرىنى تاقاپ ئىستانبۇلنىڭ گالاتا مۇنارىدىن سەكرىگەن. قۇشلارغا ئوخشاش قانات قېقىپ ئىستانبۇل بوغۇزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن ۋە تۇنجى قېتىملىق ئۇچۇشىدا 3300 مېتىر يىراقلىقتىكى ئۈسكۈدارغا قونغان.

ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى دۇنيا ئاۋىئاتسىيە تارىخىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەخسلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ كىشى تۇنجى بولۇپ ئايرۇپىلان ئىجاد قىلغان ئامېرىكىلىق رۇايت ئاكا-ئۇكىلاردىن 271 يىل بۇرۇن ئاسماندا پەرۋاز قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەخرىلىك ئالىمىدۇر.

-مەنمۇ ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە بىر ئۇچقۇچى بولىمەن دادا.

-بارىكاللا، مېھرىبان ئاللاھ مۇراد-مەقسىدىڭگە يەتكىلى نېسىپ قىلسۇن، مۇسۇلمان ئالىم ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبىغا ئوخشاش سەنمۇ ھەم ئائىلىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ پەخرى بولۇپ كۆكلەردە پەرۋاز قىلغايسەن ئوغلۇم!

## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى ئوقۇپ، يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

2-تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاپ بېرىڭلار.

1) ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى قەيەرلىك؟

2) ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى قانداق ئۇچقان ؟

3) ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى تۇنجى قېتىمدا قانچە مېتىر ئۇچقان؟

4) ھەزەرفەن ئەھمەد چەلەبى قەيەردىن قەيەرگىچە ئۇچقان؟

3-تېكىستنىڭ «بارىكاللا» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە چىرايلىق قىلىپ دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

4-سىلەر چوڭ بولغاندا نېمىش قىلىسىلەر؟ ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن كەلگۈسىدىكى ئارزۇيىڭلار ھەققىدە پىكىرلىشىپ بېقىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 23-دەرس

# ئۇچار ئاپتوموبىل



ئوقۇغۇچىلار بۈگۈن مۇئەللىمنىڭ كىچىككەنلىكى سەۋەبلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ سىنىپنى بېشىغا كىيگەندى. دېمىسىمۇ ئىرفان مۇئەللىم بۈگۈن ئادەتتىكىگە قارىغاندا خېلىلا كېچىكىپ سىنىپقا كىردى.

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ساۋاقداشلار! كەچۈرۈڭلار، بۈگۈن قاتناش قىستاڭچىلىقىدا شۇنچە ئالدىرىغان بولساممۇ كېچىكىپ قالدىم.

-ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، مەكتەپكە بېرىپ-كېلىشتە كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرماستىن ۋېلىسىپىت بىلەن كەلگەن بولسىڭىزغۇ بۇنچىلىك قىينالمايتتىڭىز مۇئەللىم، -دېدى ئىككىنچى رەتتە ئولتۇرغان ئەزىمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەزىمەتنىڭ مۇئەللىمگە قىلغان چاقچىقىدىن سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشتى.

-ھە توغرا، راست دەيسەن ،ھازىرقىدەك قاتناش قىستاڭچىلىقى بەك ئېغىر دەۋىردە ئاپتوبۇس قاتارلىق قاتناش ۋاستىلىرىغا قارىغاندا يەنىلا ۋېلىسىپىت ياخشى بولۇپ، ھەم ساغلاملىقىمىزغا ھەمدە مۇھىت ئاسراشقا پايدىلىق.

ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

-مۇئەللىم، مېنىڭ بىر سوئالىم بار ئىدى، -دېدى ئەنۋەر قول كۆتۈرۈپ.

-قېنى سورا!

-ناۋادا مۇشۇنداق قاتناش قىستاڭچىلىقى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىپ كەتسە، كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ يول يۈرۈشى تېخىمۇ تەسلىشىپ يوللاردا ئاپتۇموبىللار ماڭالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالارمۇ؟

-ئاپتۇموبىل ياسالغاندىن بېرى ئىنسانلارنىڭ سەپەرگە چىقىش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، قاتناش قىستاڭچىلىقىنىڭ كۈنسايىن ئېغىرلىشىشى، يېقىنقى زاماندا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. مېنىڭچە بۇنىڭدىن كېيىن يول يۈرۈش ئۇنچىۋالا قىيىنلىشىپ يول يۈرەلمەيدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالمىسىمۇ، شەھەر ئىچىدە ئاپتۇموبىللارنىڭ يول يۈرۈشى تەسلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

-بەزى تەرەققى قىلغان ئەللەردە قاتناش قىستاڭچىلىقىدا ئۇچالايدىغان ئاپتۇموبىل ئىجاد قىلىنىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ راستمۇ مۇئەللىم؟ -دەپ سورىدى ئوسمان.

-ھە، ئۇزۇندىن بېرى بۇنداق مىش-مىش پاراڭلار بولىۋاتىدۇ، ئەمما بۇ قاتناش قىستاڭچىلىقىغا نىسبەتەن كىشىلەرنىڭ پەرىزى خالاس. ئەمما ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بۇنداق مۇمكىنچىلىكنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

سىلەرمۇ ياخشى ئوقۇساڭلار كەلگۈسىدە ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچار ئاپتۇموبىل ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق ئىنسانلارغا قولايلىق ئېلىپ كېلىدىغان يېڭى ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيسىلەر ئىنشائاللاھ.

ساۋاقداشلار، ياخشى ئوقۇپ كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزگە تۆھپە قوشالايدىغانلىقىڭلارغا ئىشەنچىڭلار بارمۇ؟ -دەپ سورىدى ئىرفان مۇئەللىم ئۈنلۈك ئاۋازدا.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ «بار!» دەپ تەڭلا بەرگەن جاۋابى پۈتۈن مەكتەپ بىناسىنى لەرزىگە سالدى.

كۆنۈكمە

1-تېكستنى جانلىق ۋە راۋان ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

2ـسىلەرچە ھازىرقى دەۋرىمىزدە راستتىنلا شەھەر ئىچىدە ماشىنىغا ئولتۇرغاندىن كۆرە ۋېلسىپىت مىنگەن ياخشىمۇ؟ «ھەئە»دېگۈچىلەر بىر گۇرۇپپا، «ياق»دېگۈچىلەر يەنە بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئويلىغانلىرىڭلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىڭلار.

3ـناۋادا شەھەرلەردە ماشىنىلار بەكلا كۆپىيىپ كەتسە ماشىنىلار قاتنىيالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالارمۇ؟

4ـسىزچە راستتىنلا ئۇچار ماشىنىلار بارلىققا كەلسە، قاتناش قىستاڭچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولامدۇ؟

5ـبۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق يېڭى تىپتىكى ماشىنىلار مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن؟ ئويلىغانلىرىڭلارغا ئاساسەن بىر ماقالە يېزىپ كېلىڭلار.

## دانىشمەن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى

بىر دانىشمەن ئىككى شاگىرت ئاپتۇ. بىر ئاخشىمى، ئۇ شاگىرتلىرىنىڭ زېھنىنى سىناپ بېقىش ئويىدا، ئۇلارغا بىر تەڭگىدىن پۇل بېرىپ:

ـسىلەر بۇ پۇلغا ئۆي لىق توشقۇدەك نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىڭلار! ـدەپتۇ.

ئىككى شاگىرت شۇ زامان يولغا چىقىپتۇ.



ـشاگىرتلاردىن بىرى ھېلىقى بىر تەڭگىگە نۇرغۇن قۇرۇق ئوت-چۆپ سېتىۋاپتۇ. ئوت-چۆپ ئۆيگە لىق كەپتۇ. لېكىن، دانىشمەن بېشىنى چايقاپتۇ. چۈنكى، ئۆيگە بىكاردىن بىكار قۇرۇق ئوت-چۆپ ئەكىرىپ قويۇش تولىمۇ ئەخمىقانىلىق ـتە!

يەنە بىر شاگىرت بولسا بىر جىنچىراغ سېتىۋاپتۇ. جىنچىراغ ئۆي ئىچىنى يوپيورۇق قىلىۋېتىپتۇ.

ـئەقلىڭگە بارىكاللا ئوغلۇم! ـدەپتۇ دانىشمەن ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ.

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

## تىنىش بەلگىلىرى

تىنىش بەلگىلىرىنى توغرا ئىشلىتىش-ئىشلەتمەسلىك بىر كىشىنىڭ يېزىقنى (يېزىق مەدەنىيىتىنى) پۇختا ئىگىلىگەن-ئىگىلىمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇھىم ئالامەتلەردىن بىرىدۇر. تىل ئۆگىنىش، يېزىقنى بىلىش قانچىلىك مۇھىم بولسا، تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ئىشلىتىشمۇ ئوخشاشلا مۇھىم .

تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئىملا قائىدىلىرىگە ئاساسلىنىدۇ. تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش ئۈچۈن، گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى ياخشى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلىمىزدا تۆۋەندىكى تىنىش بەلگىلىرى ئىشلىتىلىدۇ:

| | | | |
|---|---|---|---|
| چېكىت | ( . ) | پەش | ( ، ) |
| سوئال بەلگىسى | ( ؟ ) | ئۈندەش بەلگىسى | ( ! ) |
| چېكىتلىك پەش | ( ؛ ) | قوش چېكىت | ( : ) |
| قوش تىرناق | ( «» ) | يالاڭ تىرناق | ( < > ) |
| تىرناق | ( () ) | سىزىقچە | ( - ) |
| سىزىق | ( _ ) | كۆپ چېكىت | ( ... ) |

## چېكىت ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

چېكىت ئوي-پىكىرنىڭ بايان شەكلىدە تولۇق ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

چېكىت تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

1-ئاددىي ۋە مۇرەككەپ شەكىلدىكى بايان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ كۆزۈمگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى .

هاۋا گۈلدۈرلىدى ،يامغۇر يېغىشقا باشلىدى .

2-ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

دوستۇم ،ماڭا قارىغىنا .

ماڭا ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت بېرىلسە .

دوختۇرغا كۆرۈنۈپ بېقىڭ .

3-قىسقارتىپ يېزىلغان ئىسىم بىلەن فامىلە ئارىسىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

ن .ئابدۇسەمەت ( نەزەر غوجا ئابدۇسەمەت )

ئا .ئۇيغۇر (ئابدۇخالىق ئۇيغۇر )

ز .قادىرى ( زۇنۇن قادىرى )

ئا .ئۆتكۈر (ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر )

ت .سامساق (تۇردى سامساق )

4-پىكىرنىڭ رەت-تەرتىپىنى بىلدۈرىدىغان قاتار سانلاردىن كېيىن چېكىت قويۇلىدۇ.

مەسىلەن :

كۆپ ئۇچرايدىغان تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىچە :

1.چېكىت؛

2.سوئال بەلگىسى؛

3. ئۈندەش بەلگىسى؛

4. پەش.

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ ،مۇۋاپىق ئورۇنلارغا چېكىت قويۇڭلار:

قىزىقىشنى يېتىلدۈرۈش ئوڭاي ئەمەس قانچىكى ياقتۇرمايدىغان دەرسنى شۇنچە بالدۇر ئۆگىنىش كېرەك بەزى ئوقۇغۇچىلار: « بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۆزۈم

ياقتۇرمايدىغان دەرسنى ئاۋال ئۆگىنىۋاتىمەن، ئەمما ئۇ دەرسكە ھېچ ئامراق بولالمىدىمغۇ ؟» دېيىشى مۇمكىن

بىلىشىڭىز كېرەككى، ياقتۇرمايدىغان دەرسكە بولغا قىزىقىشىڭىزنى قوزغاش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس،بۇنىڭغا ۋاقىت ۋە ئىدىيەۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك

بەزىدە ئۆزىڭىز ياقتۇرمايدىغان دەرسلەر كۆپ ۋاقتىڭىزنى ئىگىلىۋېلىشى، شۇنچە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلغانىغا تۇشلۇق نەتىجىڭىز كۆتۈرۈلمەسلىكى مۇمكىن تۆلەنگەن بەدەل بىلەن ئېرىشكەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ زور پەرق كەيپىياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىپ ،شۇ دەرسكە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىشىڭىز مۇمكىن شۇڭا، ئىمتىھان نەتىجىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسىمۇ ئۆگىنىش ئىشەنچىڭىزنى يوقاتماڭ

## ئاساسى مەشق

1-قەغەز بىلەن نېمىلەرنى ياسىيالايسىلەر سىناپ بېقىڭلار.

2-بېرىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئوقۇڭلار ھەم ئۇلارنى مەنىسىنى تەھلىل قىلغاچ چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



ئەقىل-پاراسەت — قارڭغۇ تۈندىكى مەشئەلگە ئوخشايدۇ.

----------------------------------------

بىلىم-يورۇقلۇق بولۇپ قەلبىڭنى يورۇتىدۇ.

----------------------------------------

ئەقىل- پاراسەتسىز كىشى بىر ئوچۇم لايدۇر .

----------------------------------------

بىلىملىك كىشى ئۆزىنىڭ بىلىمى بىلەن قەدىرلىكتۇر.

----------------------------------------

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلىم كىشى ئۈچۈن مېھرىبان قېرىنداشتۇر.

---------------------------------------- .

## بىلىۋېلىڭ!

سۇئاستى پاراخوتى نېمە ئۈچۈن سۇغا چۆكەلەيدۇ؟

سۇ ئاستى پاراخوتى ئىككى قەۋەت قىلىپ ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئىككى قەۋەت ئارىسىدىكى بوشلۇقتا بىر قانچە بالىست(يۈك) سۇ بۆلمىسى بولىدۇ، مۇشۇ بالىست سۇ بۆلمىسى سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سۇغا چۆكۈشىدىكى مۇھىم سەۋەپ.

بالىست سۇ بۆلمىسىگە سۇ لىق توشقاندا، سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ ئېغىرلىقى ئۇنىڭ لەيلەش كۈچىدىن ئېشىپ كېتىپ پاراخوت چۆكىدۇ. بالىست سۇ بۆلمىسىدىكى سۇ چىقىرىۋېتىلگەندە پاراخوت يېنىكلەپ، سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىدۇ.

سۇ ئاستى پاراخوتى گەرچە پۇختا ھىملەنگەن بولسىمۇ، پاراخوتتا يەنە ھەم ئېتىلگەن رۇجەك بولىدۇ. بۇ روجەكلەردىن پاراخوتقا ئورنىتىلغان چىراقنىڭ يورۇقىدا دېڭىز ئاستى دۇنياسىنى قانغۇچە كۆرۈپ ھوزۇر ئالالايسىز.



يادلىۋالاي

## بىلىم ئىشقىدا

جاھان رەنالىرى ئىچىرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار-يوق.

قاراقاشلىق، تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۈلدىن  ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ، ھېچ ئار يوق.

كىرىپ كەينىگە نەپسىڭنىڭ بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشەر بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

پاراغەت ئىزدىسەڭ، ئەسلا بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتما،
سېنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلىمدەك ياخشى ھەمكار يوق.

نېمشېھىت



يەتتىنچى بۆلەك

# كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە

سىز گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىغا زەن سېلىپ باققانمۇ؟ يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى كۆزىتىپ باققانمۇ؟ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئۇچۇشىغا دىققەت قىلىپ باققانمۇ؟ ئەتراپىمىزدا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىبرەت ئېلىشىمىز ئۈچۈن ياراتقان ئاجايىپ مەخلۇقلىرى بار.

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بايقىغان سىرلارنى چۈشىنىۋالايلى، شۇنىڭدەك بىزمۇ كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ باقايلى!

زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن(ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى)كۆرمەمسىلەر؟

سۈرە زارىيات: 20ـ21 ئايەتلىرى



## 24-دەرس

# ھەسەل ھەرىسى

ئاڭلىشىمچە، ھەسەل ھەرىسىنىڭ يۈنىلىشنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار ئىكەن، ئۇ قەيەرگىلا ئۇچۇپ بارسۇن، ھامان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كىلەلەيدىكەن. مەن بۇنى بىر تەجرىبە قىلىپ باقماقچى بولدۇم.

بىر كۈنى، گۈللۈكىمىزدىكى ھەرە ساندۇقىدىن بىر مۇنچە ھەسەل ھەرىسىنى تۇتۇپ ئۇلارغا ئاق بەلگە سالدىم. ئاندىن كىچىك قىزىمنى ھەرە ساندۇقىنىڭ يېنىدا تۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم بەلگە سالغان 20 تال ھەسەل ھەرىسىنى ئېلىپ، ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يول يۈرۈپ مەھەللە سىرتىغا چىقتىم. ئاندىن قەغەز خالتىنى ئېچىپ، ئۇلارنى قويۇۋەتتىم. سولاپ قويۇلغىنىغا خېلى ئۇزاق بولغان بۇ ھەرىلەر ئۆيگە قايتىدىغان يولنى ئىزدەۋاتقاندەك تەرەپ-تەرەپكە تارىلىپ كەتتى. تۇيۇقسىز شامال چىققىلى تۇردى، ھەرىلەر شۇ ئان يەر بېغىرلاپ دېگۈدەك پەس ئۇچۇشقا باشلىدى، بۇنداق قىلغاندا قارشىلىق كۈچىنى ئازايتقىلى بولسا كېرەك. مەن: «ئۇلار بۇنچە پەس ئۇچسا، يىراقتىكى ئۇۋىسىنى قانداقمۇ كۆرەلەيدۇ ؟» دەپ ئويلىدىم.

ئۆيگە قايتىپ كېلىشىۋاتقىنىمدا، ھەسەل ھەرىلىرى ئۆينى تاپالمايدىغان بولدى، دەپ پەرەز قىلدىم. بىراق، مەن ھويلا ئىشىكىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىماي تۇرۇپلا، قىزىم يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن خۇشاللىق چاقناپ تۇراتتى.



-ئىككى ھەسەل ھەرىسى قايتىپ كەلدى! ئۇلار سائەت ئىككىدىن 40 مىنۇت ئۆتكەندە كەلدى، ئۇستى-بېشى گۈل چىڭى بولۇپ كېتىپتۇ، -دەپ چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى ئۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەن ھەسەل ھەرىلىرىنى دەل سائەت ئىككىدە قويۇپ بەرگەنىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، 40 مىنۇتتا ئىككى ھەسەل ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپتۇ، بۇ تېخى ئۇلارنىڭ گۈل چېكى يىغقان ۋاقتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى، قالغان ھەسەل ھەرىلىرى قايتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس. ئەتىسى، ھەرە ساندۇقنى تەكشۈرسەم ، ئۇستىگە ئاق بەلگە سېلىنغان ھەرىدىن يەنە 15ى تۇرۇپتۇ. شۇنداق بولغاندا، 20 ھەسەل ھەرىسىدىن 17 سى نىشاندىن ئادىشىپ قالماي ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلدى دېگەن گەپ. ئۇلار شامالغا قارشى ئۇچقان، ناتونۇش جايلاردىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئاداشماي يېنىپ كەلگەنىدى.

ھەسەل ھەرىسى پەۋقۇلئاددە خاتىرە كۈچىگە ئەمەس، ئۇ بىز چۈشىنەلمەيدىغان بىر خىل ئىقتىدارىغا تايىنىدىكەن.

## كۆنۈكمە

1ـ تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ،ئوقۇشتىن ئالغان تەسىراتىڭلارنى سۆزلىشىپ بېقىڭلار.

2ـ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

ھامان ئېھتىمال قارشىلىق كۈچى

پەۋقۇلئاددە ئىقتىدار پەرەز قىلىش

3ـ مۇزاكىرىلىشىپ بېقىڭلار:

ئاپتور تەجرىبە ئىشلەش جەريانىدا قانداق يەكۈنگە ئىگە بولغان؟ بۇ يەكۈنگە قانداق ئېرىشكەن؟

ئۆزۈڭلار ياقتۇرغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

4ـ سۈرە «نەھل»نىڭ 68 ۋە 69ـ ئايەتلىرىنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

## 25-دەرس

## گۈل سائەت

رەڭگارەڭ گۈللەر بەس-بەستە ئېچىلغاندا، خۇشپۇرىقى كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. بىز كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق، ئوخشىمايدىغان گۈللەرنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنىڭمۇ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەتىگەن سائەت تۆتلەردە ھەشقىپېچەك سۆسۈن رەڭلىك كىچىككىنە ۋارۇنكا (پەركا ) شەكلىدە ئېچىلىدۇ؛ سائەت بەشلەردە رەڭدار ئەتىرگۈل چىراي ئاچىدۇ؛ سائەت يەتتىلەردە نىلۇپەر ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ؛ چۈش سائەت 12 لەردە چۈشگۈلى كۆز ئاچىدۇ؛ چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچلەردە جۇخارگۈل جىلۋە قىلىدۇ؛ كەچ سائەت ئالتىلەردە، تاماكىگۈلنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلىدۇ؛ كەچ سائەت يەتتىلەردە كالۇنكسىيە گۈلى بەرگىلىرىنى كۆز-كۆز قىلىشقا باشلايدۇ؛ ھۆرگۈل بولسا، كەچ سائەت توققۇزلاردا ئېچىلىدۇ...



ئوخشىمايدىغان گۈللەرنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى نېمە ئۈچۈن ئوخشاش بولمايدىغاندۇ؟ ئەسلىدە، گۈللەرنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، نەملىك، قۇياش نۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ھۆرگۈلنىڭ بەرگىلىرى چوڭ ھەم يۇمران. كۈندۈزى قۇياش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرى كۈچلۈك، ھاۋا ئىسسىق قۇرغاق بولغاچقا ھەرگۈل كۈندۈزى ئېچىلىدىغان بولسا ئاپتاپتا كۆيۈپ زەخىملىنىدۇ. يېرىم كېچە سەل سوغۇق بولغاچقا، بۇ ۋاقىتمۇ ھەرگۈلنىڭ ئېچىلىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئۇ كەچ سائەت توققۇز ئەتراپىدىكى تېمپېراتۇرىغا ۋە نەملىككە لايىقلاشقان. شۇ ۋاقىت بولغاندا، ئۇ بەرگىلىرىنى يېيىپ كىشىلەرگە گۈزەل رۇخسارىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى گۈللەر ھاشاراتلارنىڭ گۈل چېڭىنى تارقىتىشى بىلەن ئۇرۇق تۇتالايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى كۆپىنچە ھاشاراتلارنىڭ پائالىيەت ۋاقتى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ.

مەلۇم بىر ئالىم سائەت شەكىللىك بىر گۈللۈك ياساپ، ھەر خىل گۈللەرنى ئېچىلىش ۋاقتى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇپ تىكىپ، گۈللەردىن تەشكىل تاپقان «سائەت »نى ھاسىل قىلغان. بۇ گۈللەر 24 سائەت ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىدىكەن. سىز قايسى گۈلنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغانلىقىغا قاراپلا، سائەتنىڭ تەخمىنەن قانچە بولغانلىقىنى بىلەلەيدىكەنسىز. بۇ نېمىدېگەن قىزىقارلىق -ھە!





## كۆنۈكمە

1ـبۇ تېكىستنى قايتا ـقايتا ئوقۇڭلار ھەم ئۆزۈڭلار ياخشى كۆرگەن قىسمىنى يادلىۋېلىڭلار.

2ـتۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى يېزىڭلار:

كۈچلۈك------------------- يۇمران--------------------

يۇقىرى------------------كۈندۈزى------------------

3ـئوخشمايدىغان گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى ئوخشىمىغان سۆزلەر بىلەن بايان قىلىنغان. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرغاچ، بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىپ بېقىڭلار:

ھەشقىپچەك سۆسۈن رەڭلىك كىچىككىنە ۋارۇنكا شەكلىدە ئېچىلىدۇ.

ئەتىرگۈل-----------------------------------------------

نىلۇپەر-----------------------------------------------

چۈشگۈلى---------------------------------------------

جۇخارگۈل--------------------------------------------

تاماكىگۈلى-------------------------------------------

كالونىكسىيە گۈلى------------------------------------

4-ئوخشىمايدىغان گۈللەرنىڭ ئېچىلىش ۋاقتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىڭلار.



www.uyghurkitap.com

# 26-دەرس

## پەرىشتىنىڭ ئاۋازى

خېلىل تەپەككۇر، مۇلاھىزە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئەقىللىق، ئەستايىدىل بالا ئىدى. ئۆزى دۇچ كەلگەن ھەر قانداق بىرەر ۋەقە ياكى ھادىسە، خىيالىغا كەلگەن كۆز-قاراشىنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا پايدىلىق خۇلاسىلەرنى يەكۈنلەپ چىقالايتتى.

بىر كۈنى، خېلىل دادىسىغا مۇنداق دېدى:

-دادا، ئانامنىڭ بىز ئۈچۈن ئىشلەپ ھېرىپ -چارچاپ كەتكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە بەزىدە كۆڭلۈم بىئارام بولىدۇ. ئىچىمدە ئۇنىڭغا ياردەم قىلسامكەن دەپ ئويلايمەن، -دە، ئانامغا ياردەملىشىمەن. بەزىدە ئۇنىڭ ماڭا ئېھتىياجى بارلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسامۇ، سىرتقا چىقىپ ئوينىغۇم كېلىدۇ -دە، ئانامغا قارىماي، سىرتقا چىقىپ ئوينايمەن. ئانامغا شۇنچە ئامراق تۇرۇپ، نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلەلمەيمەن.




دادىسى خېلىلنىڭ بۇنداق سوئاللىرىغا كۆنۈپ كەتكەن ئىدى. ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ئوچۇق دەيدىغان مىجەزىنى ياقتۇراتتى.

-ئوغلۇم، بۇخىل ئەھۋال يالغۇز سەندىلا ئەمەس، ھەممە كىشىدە بولىدۇ. -دېدى خېلىلغا.

-راستمۇ دادا؟ ئۇنداق بولسا خوش بولدۇم. يالغۇز مەنلا شۇنداق ئوخشايمەن دەپ داۋاملىق ئۆزەمنى ئەيىپلەپ يۈرەتتىم. ئەمما بۇ زادى نېمە سەۋەپتىن شۇنداق بولىدۇ؟ بۇلار بىر-بىرىگە زىت خىياللار ئەمەسمۇ؟

-ئەلۋەتتە شۇنداق! ئىنسان ھەر دائىم ئۆزى كۆز بىلەن كۆرەلمەيدىغان، بىر-بىرىگە زىت ئىككى مەۋجۇداتنىڭ تەسىرى ئاستىدا تۇرغانلىقى ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق ھەر خىل خىياللارنى قىلىدۇ. بۇ مەۋجۇداتنىڭ بىرى پەرىشتە، بىرى شەيتان.

-پەرىشتە بىزگە نېمە قىلىدۇ، دادا؟



ـ پەرىشتە بىزنى ياخشىلىققا ئۈندەپ، ياخشى بول دەيدۇ. بىزنىڭ يامان ئىش قىلىشىمىزنى خالىمايدۇ.

ـئۇنداقتا، شەيتان نېمە قىلىدۇ، دادا؟

ـئۇ بىزنى ھەر دائىم ناچار ئىشلارنى قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ. سەت گەپ قىلىشىمىزنى، كىشىلەرنى رەنجىتىشىمىزنى خالايدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە ئىتائەت قىلماسلىقىمىزنى ئارزۇ قىلىدۇ. چوڭلىرىمىزغا قارشى چىقساق، ئاتا-ئانىمىزنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىساق خۇشال بولىدۇ.

ـشۇنداقمۇ دادا، ئەمما مەن بىرەر ياخشى ئىش ياكى يامان ئىش قىلماقچى بولغىنىمدا ئىچىمدىن «بۇنى قىل!» ياكى «ئۇنى قىلما!» دېگەندەك ئاۋازلارنى ئاڭلىمايمەنغۇ؟!

ـئوغلۇم، پەرىشتە ۋە شەيتانىنىڭ ئاۋازى بىزنىڭ ئاۋازىمىزغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىمىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. سەن تىلغا ئالغان مەسىلىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

«ئانام بەك ھېرىپ كەتتى، ياردەملەشكۈدەك بىرەر كىشىمۇ يوق. ئانام بىر ئاز ئارام ئالسۇن. بىز ئۆينى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇپرىتىۋاتىدۇ. ئانامغا بىردەم ياردەملىشەي!» دەپ ئويلىغان چېغىڭدا، بىلگىنىكى، ئۇ خىيال پەرىشتىنىڭ ئاۋازىدۇر. ئەگەر ئاناڭنىڭ مۇشۇ ھالىنى كۆرۈپ تۇرۇقلۇق ئۆز-ئۆزەڭگە:

«ئانامنىڭ ھېرىش-ھارماسلىقى بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم؟ ھازىر ھېچكىمگە ياردەم قىلغۇم يوق» دەپ ئويلىساڭ، شەيتانىنىڭ سېنى ئالدىماقچى بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنسەڭ بولىدۇ.

بەزىدە شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسى غالىپ كېلىدۇ-دە، ئۆزەڭمۇ سەزمەستىن ئۇ سۆز-ھەرىكەتلەرنى قىلىپ سالىسەن. «ئانام ئىشلىسە، ئۆيى ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ھەممە كىشى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. قانداق قىلىمەن ھېرىپ كەتكەن بولسا» ـدەپ ئۆزەڭنى ئاقلايسەن. مانا بۇ چاغدا دەرھال ئۆزىمىزنى تۈتۈۋېلىپ، شەيتانىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىكىمىز لازىم.

پەرىشتە ۋە شەيتاننىڭ ئاۋازىنى تونۇۋېلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا يەنە بىر يىپ ئۇچى دەپ بېرەي:

ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر بىزدىن تەلەپ قىلغان ئىشلارنى قىلىشنى ئارزۇ قىلساق بىلگىنكى، بۇ ئارزۇ پەرىشتىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆڭلىمىزدە مەيدانغا كەلگەندۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە بىر ئارزۇ-ئىستەك ئىچىمىزدە بولسا، بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەندۇر. شەيتان بىزنى دىندىن، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن يىراقلاشتۇرماقچى بولىدۇ، بىلىۋالغانسەن ئوغلۇم؟ دېدى دادىسى سىرتقا چىقىش ئۈچۈن چاپىنىنى كىيگەچ.



# 27ـ دەرس

## ھەدىستىكى مۆجىزە




ـ ئابدۇللا!

ـ ھە ئاپا!

ـ تاماق تەييار بولدى، تېز كېلىپ تامىقىڭنى يە!

ـ مانا ھازىر!

ئابدۇللا قوللىرىنى يۇيۇپ، تال بارىڭى ئاستىدىكى كارىۋات ئۈستىگە تەييارلانغان داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردى. ھەممەيلەن ئوخشىتىپ ئېتىلگەن چۆچۈرىنى تازا ئېشتىھا بىلەن ئىچىۋاتقان چاغدا، ئابدۇللا تۇيۇقسىز قاچىسىغا قارىغىنىچە توختاپ قالدى.

ـ نېمە بولدى، نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن ئوغلۇم ؟ ـ دېدى دادىسى ئابدۇللاھقا قاراپ.

ـ ئېشىمغا چىۋىن چۈشتى، مەن ئەمدى ئىچمەيمەن، ـ دېدى ۋە ـ «نىجىس چىۋىن!» ـ دەپ قويىدى تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ.

ـ ئوغلۇم چىۋىننى تىللىما، مېھرىبان ئاللاھ ھېچقانداق بىر مەخلۇقنى بىھۇدە ياراتمىغان. چىۋىننىڭمۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق تەرەپلىرى بار.

ـ نېمە؟ چىۋىننىڭمۇ پايدىسى بارما؟ دادا، چىۋىننىڭ قانداق پايدىسى بار؟

---

ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـچۈنىنىڭمۇ ئىنسانلارغا پايدىلىق تەرەپلىرى بار. مەن ساڭا يېقىندا بىر ژۇرنالدا ئوقۇغانلىرىمنى سۆزلەپ بېرەي.

ئاللاھنىڭ رەسۇلى (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ) قاچىدىكى سۇ ياكى يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماي پايدىلىنىش كېرەكلىكىنى بۇيرۇغان. تاكى يېقىنقى دەۋرىمىزگىچە چىۋىن پۇتۇنلەي مىكروپ ئېلىپ يۈرۈيدىغان بىر ھاشارەت دەپ قارىلىپ كەلگەن. ئەمەلىيەتتە، 2002-يىلى ئاۋستىرالىيەلىك ئالىملار ھەرخىل شارائىتلاردا ياشىيالايدىغان چىۋىن قاتارلىق ھاشارەتلەردىن مىكروپ ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى ياساپ چىققانلىقىنى ئىلان قىلغان بولۇپ، بۇ ھەقىقەت كۈنىمىزدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ «بىر كىمنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشسە ،ئالدى بىلەن ئۇنى قاچىغا بىر چۆكتۈرۈۋېتىپ بولغاندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن، چۈنكى چىۋىننىڭ بىر قانىتىدا كېسەللىك، يەنە بىر قانىتىدا بۇ كېسەللىكنىڭ داۋاسى بار.» دېگەن ھەدىسى مۆجىزە شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىققان.

ـۋاھ، پەيغەمبىرىمىز نېمىدىگەن توغرا ئېيتقان، ـھە! رەھمەت دادا، بۈگۈن يېڭى بىر بىلىم ئۆگىنىۋالدىم، ـدېدى ۋە قوشۇق بىلەن چىۋىننى چۆكتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئېلىپ تاشلىۋەتتى.

كۆنۈكمە

1ـتېكىستنى بىر نەچچە قېتىم ئوقۇڭلار ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى يادلىۋېلىڭلار.

2ـتاماققا چىۋىن چۈشۈپ قالسا ئۇنى بىر چۆكتۈرۈۋېتىپ ئاندىن تاشلىۋېتىش كېرەك ئىكەنلىكىنى بۇرۇن بىلەمتىڭىز؟

3ـسىز ئىنسانلارغا پايدىلىق بولغان يەنە قايسى ھايۋان ياكى ھاشاراتنى بىلىسىز؟

4ـ تېكىستنىڭ«ئاللاھنىڭ رەسۇلى» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىۋېلىڭلار.

اللهم صل على سيدنا محمد وسلم

## گۈللەر بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى

ھەشقىپىچەك- ئۈزۈن ساپىقى بار، گۈل تاجىسى ۋارۇنكا (پەركا) شەكىللىك. ئادەتتە سۇس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك، تۇۋى ئاق رەڭدە بولىدۇ، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.

ئەتىرگۈل- گۈلى كۆپىنچە قىزىل، ئاق، سېرىق ئېچىلىدۇ ھەم پۇراقلىق، گۈلىدىن چاي دەملەپ ئىچىشكە بولىدۇ.

نېلۇپەر- يوپۇرمىقى دۈگىلەك، گۈلى چوڭ، سۇس قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك، خۇش پۇراقلىق، يىلتىزى ۋە ئۇرۇقىنى يېيىشكە بولىدۇ.

چۈشگۈلى- بىر خىل گۈل.

جۇخارگۈل- رەڭگى، شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى كۆپ خىل بولۇپ، داڭلىق مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ، يەنە دورىلىق رولىمۇ بار.

تاماكىگۈل- بىر خىل گۈل.

كالونىكسىيە گۈلى- بىر خىل گۈل.

ھۆرىگۈل- گۈلى چوڭ، ئاق رەڭلىك بولۇپ، تارماق شاخلىرىنىڭ گىرۋىكىدە ئۆسىدۇ. تولىراق كېچىسى ئېچىلىدۇ، ئېچىلىش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

## پەش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

پەش-جۈملە بىلەن جۈملىنىڭ، سۆز بىلەن سۆزنىڭ ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىنى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. ئۇ تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:

1-جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

بۈگۈن تىل-ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، رەسىم ۋە تەنتەربىيە دەرسلىرى ئۆتۈلدى.

سىنىپىمىزدىكى تاشقىن، خاسىيەت، راھىلە ۋە ئەردەملەر ھۆسنىخەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى.

2-بىر خىل بۆلەكلەر ئالدىدا كەلگەن باغلىغۇچىلار تەكرارلانسا، تەكرارلانغان باغلىغۇچىنىڭ ئالدىغا پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن بۇ پۇلغا يا كىتاب، يا قەلەم ئالىمەن.

ئۇنىڭ دادىسى ھەم شائىر، ھەم ئۇستا رەسسام.

3-«مۇ»ئۇلانمىسى بىلەن تەكرارلىنىپ كەلگەن بىر خىل بۆلەكلەردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

مەريەم ماتېماتىكىدىمۇ، تىل-ئەدەبىياتتىمۇ، تەنتەربىيەدىمۇ يۇقىرى نومۇر ئالدى.

مەن قەشقەرگىمۇ، خوتەنگىمۇ، غۇلجىغىمۇ بارغان.

4-قوشما جۈملىلەردە تارماق جۈملىلەرئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

مۇئەللىم ئېيتىپ بەردى، بىز خاتىرىلىدۇق.

يامغۇر توختىدى، ھاۋا ئېچىلدى.

ھاۋا تۇتۇلدى، لېكىن يامغۇر ياغمىدى.

ئوقۇتقۇچى سىنىپقا كىردى-دە، دەرس ئۆتۈشكە باشلىدى.

5-كۆپ خانىلىق ساناق سانىنى خانىلارغا ئايرىغاندا ھەر بىر گۇرۇپپا خانىلار ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ.

مەسىلەن:

2،526،276 لىرا　　　145،382 كىلوگرام

## ئىشلەپ بېقىڭلار

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، مۇۋاپىق ئورۇنلارغا پەش قويۇڭلار:

1-بالا يا پىياز يا بۇغداي يا قوناق تېرىش ھەققىدە ئويلىنىپتۇ .

2-كۇتۇپخانىدىكى 673286921پارچە كىتاب رەتلىنىپ بولۇندى.

3-سومكامدا كىتاپ دەپتەر قەلەم ۋە ئۆچۈرگۈچ بار.

4-ئۇ ياخشى ئوقىدى ئەمما ئاۋازى سەل بوش بولۇپ قالدى.

5-ئەنقەر ماشىنىدىن چۈشتى-دە مەكتەپكە قاراپ يۈگۈردى.

6-بۇ قېتىملىق پائالىيەتكە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئاتا-ئانىلارمۇ قاتناشتى.

## ئاساسى مەشىق

1-تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆز قويۇپ، سۆز بىرىكمىسى تۈزۈڭلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاۋاز ______ ______ ______

چىراي ______ ______ ______

2-تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ قويۇڭلار.

1) ھەرىلەر قەيەرگىلا ئۇچۇپ بارسۇن، ھامان ئۆز (          ) قايتىپ كىلەلەيدىكەن.

**ئا:** ئۆيىگە **ب:** ماكانىغا **ج:** ئۇۋىسىغا **چ:** كونا جايغا

2) (    ) مىنۇتتا ئىككى ھەسەل ھەرىسى ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپتۇ.

**ئا:**40 **ب:**35 **ج:**50 **چ:**30

3) گۈللەرنىڭ ئېچىلىش ۋاقتى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، (     )، قۇياش نۇرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**ئا:**ھۆللۈك **ب:**سۇلۇق **ج:**نەملىك **چ:**قۇرغاقلىق

4) سىز قايسى گۈلنىڭ يېڭىدىن ئېچىلغانلىقىغا قاراپلا، سائەتنىڭ تەخمىنەن قانچە بولغانلىقىنى بىلىۋالالايدىكەنسىز. بۇ نېمىدېگەن (          ) -ھە!

**ئا:** قىزىقارلىق **ب:**ئازاپلىق **ج:**تېتىقسىزلىق **چ:**كۆلكىلىك

5) بىر كىمنىڭ قاچىسىغا چىۋىن چۈشسە، ئالدى بىلەن (                    ) بولغاندىن كىيىن ئېلىپ تاشلىۋەتسۇن.

**ئا:**شۈمۈۋېتىپ **ب:**ئۆلتۈرۈۋېتىپ **ج:**بوغۇزلىۋېتىپ **چ:**چۆكتۈرۈۋېتىپ

3-تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

ئاڭلىشىمچە، ............................................................ .

ئىقتىدار............................................................ .

ھاشارات............................................................ .

شەكىل............................................................ .

تاماق............................................................. .

قوشۇق............................................................ .

4ـ تۆۋەندىكى جاۋاپلارغا مۇۋاپىق سوئال يېزىپ بېقىڭلار.

..............................................؟

ياق، ئانچە هارمىدىم.

............................................؟

ئەرەپ تىلى بىلەن ئېنگلىز تىلىنى بىلىمەن.

...........................................؟

بەلكىم بېرىشىم مۇمكىن، ئەمما ئېنىق ئەمەس.

..........................................؟

بەكلا سېغىندىم، شۇنچىلىك كۆرگۈم كەلدى.

.........................................؟

هەئە، ئەمما سەل تەمتىرەيمەن.

........................................؟

مەنچە، ئۇنچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت كەتمەيدۇ.

5ـ تۆۋەندىكى رەسىمنى چوڭقۇر كۆزىتىپ بىر ئابزاس يېزىڭ.



.............................................................................

.............................................................................

.............................................................................

.............................................................................

............................................................................................ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىلىۋېلىڭ!

ھەسەل ھەرىسى قانداق ئىشلەيدۇ ؟

ھەسەل ھەرىسى ئىشچان ھاشارات. 500 گىرام ھەسەل چىقىرىش ئۈچۈن، بىر ھەسەل ھەرىسى ئادەتتە 100 نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئۇچىدۇ، بۇ يەر شارىنى ئۈچ-تۆت قېتىم ئايلىنىپ چىققانغا باراۋەر. ھەسەل ھەرىسى ھەسەل مەنبەسىنى تاپقان ھامان، ئۇۋىسىغا يېنىپ كېلىپ، ھەمراھلىرىغا ئۇچۇر يەتكۈزىدۇ. ئەگەر ھەسەل مەنبەسى بىلەن ھەرە ساندۇقىنىڭ ئارىلىقى100 مېتىرغا يەتمەيدىغان بولسا، ئۇلار ھەرە كۆنىكى ئۈستىگە چىقىۋېلىپ چەمبەر شەكلىدە ئۇچۇشقا باشلايدۇ؛ ئەگەر ھەسەل مەنبەسى بىلەن ھەرە ساندۇقىنىڭ ئارىلىقى 100 مېتىردىن ئارتۇق بولسا، ئۇلار قۇيرۇقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلايدۇ.





يادلىۋالاي

**بال ھەرىسى**



بال ھەرىسى غوڭ-غوڭ،

بىر جۈپ كۆزى چوڭ-چوڭ.



مېنىڭ بىلەن ئوينايدۇ،

گۈلنى پۇراپ تويمايدۇ.

بال ھەرىسى غوڭ-غوڭ،
يېنىدا بار خەنجىرى.
كىم ئۇنىڭغا چېقىلسا،
سانجىلىدۇ نەشتىرى.




كۆڭلەكلىرى چىرايلىق،
ئۇ گۈللەرنىڭ دوستى-دە!
ئويناپ يۈرۈپ بال يىغار،
ئىش-ئەمگەككە ئۇستا-دە.



بال ھەرىسى غوڭ-غوڭ،
بىر جۈپ كۆزى چوڭ-چوڭ.
گۈللەر بىلەن ئوينايدۇ،
ئۆزىمۇ گۈل پۈرايدۇ.





زامانىدىن پاكزات




## سەككىزىنچى بۆلەك


# نۇر چېچىۋاتقان ئىسلام ئەخلاقى

سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز تولىمۇ ئەخلاقلىق ئىدى، ئۇزات ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئەخلاقى بىلەن باللارغا چوڭلارنى قانداق ھۆرمەتلەشنى، تىجارەتچىلەرگە قانداق سودا قىلىشنى، قوماندانلارغا قانداق رەھبەر بولۇشنى ئۆگەتكەنىدى.

بىز بۇ بۆلەكتىكى دەرسلىرىمىز ئارقىلىق، ئەنە شۇ ئەخلاقلار ئارىسىدىكى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش، گىنە-ئاداۋەتتىن يىراق بولۇش، سەمىمىيلىك قاتارلىق ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ بىر قانچە مىسالىنى ئۆگىنىپ ئۆتىمىز.

(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن.

سۈرە نۇن: 4-ئايەت



# 28- دەرس

## ياخشىدىن باغ قالىدۇ

سارايدا ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىككەن سۇلتان ھۇسەيىن كۆكلەم كۈنلىرىنىڭ بىرىدە «كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بوپتۇ، ھالىدىن بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەيچۇ» دېگەن مەقسەتتە ئەلشىر نەۋائىينىڭ مەھەللىسىگە قاراپ يول ئاپتۇ. بېرىپ قارىسا ئەلشىر نەۋائىي بېغىدا يەڭ شىمايلاپ ئىشلەۋاتقانىكەن. بۇنى كۆرگەن سۇلتان ھۇسەيىن ئاتتىن چۈشۈپ خۇشال سالام بېرىپتۇ -دە:

-ھارماڭ دوستۇم، نېمىشقا شائىرلار مەجلىسىدە كۆرۈنمەي قالدىكىن دېسەم، ئەسلىدە باغۋەنچىلىكنى كەسىپ قىلىۋالغانىكەنسىز -دە؟ -دەپتۇ.

ئەلشىر نەۋائىي بەلبېغى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ:

-«كۆكلەم كەلسە كۆچەت تىك» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ قۇرۇغان ئالملارنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئورنىغا ياڭاق تىكەيمىكىن دەۋاتىمەن، -دەپتۇ جاۋابەن.



-ئەي دوستۇم، ئەي دوستۇم، قېرى ھالىڭىزغا باغ قىلىشىڭىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سىز بىلەن مەن يېشىمىزنى ياشاپ، دۇنيا غېمىنى ئارقىمىزغا تاشلاپ بولغان ئادەملەر تۇرساق، بۇ ياڭاقلىرىڭىزنىڭ قاچانمۇ مېۋىسىنى يەرسىز؟ ئاخىرقى ئۆمرىڭىزدە باغدىكى مېۋىلەرنىڭ بارىغا قانائەت قىلىپ، سايىسىدا تىنچقىنا ئولتۇرسىڭىز بولماسمىدى؟

-پادىشاھىم، ياخشىدىن باغ قالىدۇ، دېگەن ماقالنى كۆپ ئاڭلىغانمىز. مەن بۇ كۆچەتلەرنى ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس ،مەھەللىمىزدىكى باللارغا، بەلكىم ئۇلارنىڭمۇ ئەۋلاتلىرىغا ئاتاپ تىكىۋاتىمەن. كۈنلەر ئۆتۈپ شۇ كۆچەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئەتراپقا غۇلاچ يايغان چوڭ دەرەخ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ مېۋىسىدىن يەپ«بۇ ئەلشىر نەۋائىدىن قالغان باغ » دېيىشسە شۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

شائىردىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ھۇسەيىن ئۇنىڭ باشقىلار ئۈچۈن بەدەل تۆلەش روھىغا قايىل بولۇپ ھەميانىدىكى تىللانىڭ ھەممىسىنى سوۋغات قىپتۇ. ئەلشىر نەۋائى جىرىڭلاپ تۇرغان تىللارغا قاراپ:

ـمانا كۆردىڭىزمۇ دوستۇم، تىكىۋاتقان كۆچەتلىرىم ھازىرلا مېۋە بېرىشكە باشلىدى، ـدەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سۇلتان ھۇسەيىن ئەلشىر نەۋائىنىڭ دانالىقىدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

## كۆنۈكمە

1ـتېكستنى جانلىق ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2-تېكىستكە نىمە ئۈچۈن«ياخشىدىن باغ قالىدۇ» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانلىقىنى ئويلاپ بېقىڭلار.

3ـجۈملىدىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ئورنىغا يەنە باشقا سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇپ بېقىڭلار.

ئەي دوستۇم، قېرى ھالىڭىزغا باغ قىلىشىڭىزنىڭ نىمە ھاجىتى؟ سىز بىلەن مەن يېشىمىزنى ياشاپ، دۇنيا غېمىنى ئارقىمىزغا تاشلاپ بولغان ئادەملەر تۇرساق، بۇ ياڭاقلىرىڭىزنىڭ قاچانمۇ مېۋىسىنى يەرسىز؟

---------------------------------------------------------

. -------------------------

ئەلشىر نەۋائى بەلبېغى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ: - «كۆكلەم كەلسە كۆچەت تىك »دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ ؟

---------------------------------------------------------

. ----------------------------------------

سۇلتان ھۇسەيىن ئەلشىر نەۋائىنىڭ دانالىقىدىن ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كېتىپتۇ.

----------------------------------------------------------------

4ـتېكستنى دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈپلىڭلار.

# 29-دەرس

## ھېيت كۈنى



ئەلى ئىككىمىز ئۇدۇل قوشنا ئىدۇق، يەنە كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇيتتۇق. مەكتەپكە بىللە باراتتۇق، مەكتەپتىن بىللە قايتاتتۇق، مەھەللىدىكى ئويۇنلاردىمۇ بىللە ئىدۇق. تاپشۇرۇقنى بەزى ئاخشاملىرى ئۇنىڭكىدە، بەزى ئاخشاملىرى بىزنىڭكىدە ئىشلەيتتۇق.

بىرئاينىڭ ئالدىدا ئاپام بىلەن ئەلىنىڭ ئاپىسى نېمە توغۇرلۇق تەگىشىپ قالدىكىنتاڭ، بىر-بىرىنىڭ چىرايىغىمۇ قاراشمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاپام:«ئەمدى ئاۋۇ قوشنىمىزنىڭ بالىسى بىلەن ئارىلاشقۇچى بولما!» دېدى كەسكىنلىك بىلەن. لېكىن، مېنىڭ ئەلى بىلەن بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈم بار ئىدى. شۇ گەپ بولۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيدىن چىقىشىمغا، ئەلى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. قىزىق ئىش، ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا، بىر-بىرىمىزگە گەپمۇ قىلماي، ئىلگىرى-كېين بولۇپ پەلەمپەيدىن چۈشتۇق. بىنادىن چىققاندىمۇ ئەلى ئالدىدا، مەن ئارقىدا ماڭدىم. بۇرۇلۇپ قارىسام ، ئاپام دېرىزىگە يۈزىنى يېقىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

ھويلىدىن چىقىشىمغا، ئەلى مېڭىشتىن توختىدى ۋە ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ كۈلدى، مەنمۇ كۈلدۈم. شۇنىڭ بىلەن ئىككەيلەن بۇرۇنقىدەك قاتارلىشىپ ماڭدۇق. قىزىق ئىكەن بۇ ئانىلىرىمىز، ئۆزلىرى يامان بولۇشۇپ قېلىشسا، بىزنىمۇ يىقىن ئۆتۈشكىلى قويمامدىكەن؟ بوپتۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇنداقراق يۈرگىنىمىز بىلەن، ئۇلار كۆرمىگەندە بۇرۇنقىدەك ئۆتۈۋېرىمىز!

لېكىن، ئىككى ئانىنىڭ قىيدىشىپ قېلىشى بىزگە بىر مۇنچە قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى. ئەمدى بىز بىللە دەرس تەكرارلىيالمايتتۇق. ھويلىدا ئوينىغاندا، قاچان ئاپىمىز كۆرۈپ قېلىپ چاقىرۋالىدىكىن، دەپ دەككە-دۈككە بولۇپ كۆڭۈللۈك ئوينىيالمايتتۇق. ئىشقىلىپ، ئىشلىرىمىز بۇرۇنقىغا ئوخشمايلا قالدى.

شۇ تەرىقىدە بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى، ئانىلىرىمىز ياخشىلىشىپ قالدىغاندەك قىلمايتتى. ئۈچ كۈندىن كيىن قۇربان ھېيت بولاتتى. بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەلگە

www.uyghurkitap.com

كەتكىنىگە يېرىم يىل بولۇپ قالغان دادام بۇ ھېيتتا بىز بىلەن بىللە بولالمايتتى. يا دادام يوق، يا بۇرۇنقى ھېيتلاردىكىدەك ئەلى بىلەن ئۆز-ئارا ھېيتلىشالماي كۆڭلۈم تازا يېرىم بولىدىغان بولدى -دە!

ئىچ پۇشۇقۇمنى ئەلىگە ئېيتىپ:

-چوڭلار بەك غەلىتە ئىكەن، بىزگە دائىم ياخشى ئۆتۈڭلار، ئاداۋەت ساقلىماڭلار دەيدىكەن، ئۆزلىرى بۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىكەن، -دېدىم.

-شۇ ئەمەسمۇ ! -دېدى ئەلى، -ھېيتتا ئىككىمىز ھېيتلىشىۋېرەيلى. كىم بىلىدۇ، شۇ سەۋەپ بىلەن ئۇلار ئەپلىشىپ قالامدۇ تېخى!



ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى سائەت ئونلاردا ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچسام، ئەلى ئىكەن، ئۇ ئۈستى داستىخان بىلەن يېپىلغان چوڭ تاۋاقنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغانىدى. مەن بىر نېمە دېگۈچە، ئاپام چىقىپ قالدى. ئەلى:

-ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، گۈزەلنۇر ھەدە، قۇربان ھېيتىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن! -دەپ سالام بەرگىنىچە كىرىپ كەلدى.

-سىز... سىزنىڭكىگىمۇ مۇبارەك بولسۇن! -دېدى ئاپام تەمتىرىگەن ھالدا، -قېنى، ئۆيگە كىرىڭ...

-ئاداش، سېنىڭ ھېيتىڭغىمۇ مۇبارەك بولسۇن! -دېدى ئەلى ماڭا قاراپ، ئاندىن ئاپامغا بۇرۇلدى، -گۈزەلنۇر ھەدە، ئاپام:«سەمىجاننىڭ دادىسى ئۆيدە يوق، گۈزەلنۇرلار قۇربانلىق قىلالمىدى، بۇ بىر پارچە گۆشنى ئەكىرىپ بەر، بىللە قۇربانلىق قىلغىنىمىز بولسۇن»دەيدۇ. شۇڭا، ئاز بولسىمۇ...

ئاپامنىڭ كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش كەلدى.

-بۇ... بۇ... بەك ئاۋارە بوپسىلەر، بۇنداق قىلمىساڭلارمۇ بولاتتىغۇ، -ئاپامنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، -دادىڭىز، ئاپىڭىزغا رەھمەت، سىزگىمۇ رەھمەت، جېنىم بالام.

ئاپام تاۋاقنى ئېلىپ ئىتتىك ئۆرۈلۈپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن ئەلىنى مۈرىسىدىن قۇچاقلىغىنىمچە مېھمانخانىغا باشلىدىم...

ۈچتىن كېيىن، ئەلى ئىككەيلەن پەلەمپەيدىن تەڭ چۈشۈپ، ساۋاقداشلىرىمىزنىڭكىگە ھېيتلىغىلى ماڭدۇق. كەچتە قايتىپ كەلسەك، ئاپام بىلەن ئەلىنىڭ ئاپىسى دەرۋازا ئالدىدا ئۇچراپ قالدى. ئۇلار قولتۇقلىشىپ دوستلىرىنىڭكىگە ھېيتلىغىلى مېڭىپتۇ.



## كۆنۈكمە

1-تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇپ، نېمە ئىپادىلەنگەنلىكىنى ئۆز-ئارا پىكىرلىشىڭلار.

2-تېكىستتىكى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار.

3-تۇرمۇشىمىزدا تېكىستتىكى ۋەقەلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. ھېيت-ئايەملەردە چوڭلارنى يوقلايدىغان، ئۆچ-ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىدىغان، ئۆز-ئارا مېھرى- مۇھەببەت يەتكۈزىدىغان نۇرغۇن ياخشى ئادەتلىرىمىز بار. قېنى، ھەممىڭلار بىلىدىغانلىرىڭلارنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

4-تېكىستتىن ئۆزەڭلار خالىغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

5-ماتېرىيال ئىزدەش ئارقىلىق سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ «قوشنا» ھەققىدە سۆزلىگەن ھەدىسلىرىنى  يىغىپ دەپتىرىڭلارغا يېزىۋېلىڭلار.



# 30-دەرس

## مېنىڭ دىنىم

مېنىڭ دىنىم ئۇلۇغدۇر، مەن دىنىمنى سۆيىمەن،
ئۇنى پۈتكۈل دىنلاردىن ئۈستۈن تۇتۇپ كۈيلەيمەن.

مېنىڭ دىنىم ئىسلامدۇر، دىنلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى،
«ئاللاھ بىردۇر»دېمەكلىك، دىنىمىزنىڭ ھەم ئۇلى.

«ئاللاھ بىردۇر»دەيمىز، «ئاللاھ» دەيمىز،
«ئاللاھ بىردۇر» دېمەكتىن باشقىنى ھېچ بىلمەيمىز.

پەيغەمبىرىم«مۇھەممەد»، ئىككى جاھان قۇياشى،
پەيغەمبەرلەر ئىچىدە، يوقتۇر ئۇنىڭ تەڭدىشى.

بۇ دىننى رەببىمىزدىن، يەتكۈزگەن ئۇدۇر بىزگە،
بۇ دىن نۇرلار ياغدۇرار، كۆكلەردىن ئۈستىمىزگە.

بۇ دىن دەيدۇ:پاكىز بول! بۇ دىن دەيدۇ: توغرا بول،
بۇ دىندىن تېخىمۇ گۈزەل، بارمىدۇر باشقا بىر يول.

كىتابىمىز قۇرئاندۇر، ئوقۇيمىز بىز ھەر زامان،
ئاللاھقا مىڭ رەھمەت، مۇسۇلمان بىز مۇسۇلمان.

ئاپتورى:م. ش. يالنتقايا

# 31-دەرس

## ئىسلام ئەخلاقى

جون بۈگۈن بەكلا ئالدىراش ئىدى. قېرىشقاندەك دەل مۇشۇنداق ئالدىراش بىر كۈندە ئۇنىڭ ماشىنىسمۇ بۇزۇلۇپ قالدى. ئۇ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ خېلى ئۇزۇن تاكسى ساقلىغان بولسىمۇ بىرەر بوش تاكسى كېلەيمۇ  دېمەيتتى. ئۇ يېنىش-يېنىشلاپ سائەتىگە قاراپ جىددىيلىشىۋاتقان پەيتتە، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قارا  رەڭلىك «جىپ» ماركىلىق پىكاپ كېلىپ توختىدى.

-بۇرادەر! نەگە بارىسىز؟ قارىسام بەك ئالدىراش كۆرۈنىسىز، بۈگۈنكىدەك قار يېغىۋاتقاندا تاكسى توسىماق بەك تەس، خالىسىڭىز مەن ئالغاچ كېتەي.

جون  تونىمايدىغان ۋە شۇنداقلا كىيىنىشىدىن ئەرەپلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ كىشىنىڭ تۇرقىدىن بىر ئاز ئەجەپلەندى بولغاي، -بولدى رەھمەت سىز مېڭىۋېرىڭ! -دېدى بىر ئاز ئىككىلىنىش ئىچىدە. چۈنكى ئۇنىڭ قويۇق ساقىلى چىرايىغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۈس بەرگەن بولۇپ، تېلېۋىزورلاردا تېرورچى دېسە دەررۇ باشقىلارنىڭ ئېسىگە كېلىدىغان ئەسكى كىشىلەرگە ئوخشايدىغان ئىدى.



-تارتىنماڭ بۇرادەر، چىقىڭە! مەن ئالغاچ كېتەي.

جون سوغۇقتا بىر ئاز توڭلىدىمۇ ياكى ئالدىرىغانلىق سەۋەبىدىنمۇ ناتونۇش بۇ كىشىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەكلىپى بىلەن ئاستا ماشىنىنىڭ ئارقا ئىشىكىنى ئېچىپ ماشىنىغا چىقتى.

-مېنىڭ ئىسمىم مۇھەممەد، تونۇشۇپ قالايلى! سىز بىرەر شىركەتتە ئىشلەمسىز ياكى...؟ -دەپ سورىدى بومبا ساقاللىق شوپۇر ماشىنىنىڭ كەينىنى كۆرۈش ئەينىكىگە قاراپ تۇرۇپ.

---

ئاپتورى :لوقمانجان ھىرائى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com



ـمېنىڭ ئىسمىم جون!

شوپۇر سەل سوغۇق چىراي ۋە ئالدىراش كۆرۈنگەن بۇكىشىنىڭ پاراڭلاشقۇسى يوقلۇقىنى پەملىدى بولغاي ئارتۇق گەپ سورىمىدى.

تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان جوننىڭ يانفۇنى، ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

ـھە بولىدۇ، بولىدۇ مەن ھازىرلا باراي. شوپۇر، ماشىنىنى توختىتىڭ! مەن مۇشۇ يەردە چۈشۈۋالاي! -دېدى جون 50 دوللارنى شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا قويغاچ.

ـبىرەر جىددىي ئىش بولغان بولسا مەن ئاپىرىپ قوياي.

ـبولدى قايتۇرماڭ! -دەپلا چۈشۈپ كەتتى جون شوپۇرنىڭ گېپىگە جاۋاپمۇ بەرمەستىنلا.

مۇھەممەد بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا بىر قارا نەرسىنى كۆردى ۋە قاراپ باقماقچى بولۇپ ماشىنىنى توختاتتى. خېلى ئېغىر بىر قارا چامادان ئىدى. مۇھەممەد بايامقى كىشىنىڭ ئالدىراشلىقتا چامىدىنىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە دەرھال كەينىگە ياندى.

جون ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. مۇھەممەد ئاخىرى ئامالسىز ئۆيىگە قايتتى. تولىمۇ ئالدىراش كۆرۈنگەن ئۇ كىشىنىڭ نەرسىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشى كېرەك ئىدى. مۇھەممەد



چامادانىنى ئاچقۇسى بولمىسىمۇ جوننىڭ ئادرېسى ياكى بىرەر تېلېفون نومۇرى بارمىدۇ دېگەن مەقسەتتە چامادانىنى ئاچتى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چامادانىدا باغلىمى بىلەن رەتلىك تىزىلغان لىققىدە ئامېرىكا دوللىرى تۇراتتى. مۇھەممەدنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ھاياجانلىنىشى بۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ ئىگىسىگە ئايلانغانلىقىدىن ئەمەس بەلكى بۇ ئامانەتنى قانداق قىلغاندا ئىگىسىگە ساق

تاپشۇرۇپ بېرىش ئىدى. چۈنكى بۇنداق ئۆزىگە تەئەللۇق بولمىغان پۇلنى ئېلىش ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ۋىجدانىغا توغرا كەلمەيتتى.

مۇھەممەد شۇ كۈندىن باشلاپ ئىسمىنىڭ پەقەت «جون» ئىكەنلىكىنىلا بىلىدىغان بۇ ناتونۇش دوستىنى ئىزدەشكە باشلىدى. بۇ چوڭ شەھەردە ھېچقانداق ئادرېسىنى بىلمىگەن بىر كىشىنى تېپىش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەكلا قىيىن ئىدى.

جون ئاشۇ كۈندىكى جىددىيچىلىك ئىچىدە يوقىتىپ قويغان بىر مىليون دوللار پۇلنىڭ دەردىدە قاتتىق ئازاپلاندى ۋە ئايالى بىلەن كۈندە سوقۇشاتتى. ئۇنىڭ مىجەزى بارغانسېرى چۈسلىشىپ ھۇجرىسىغا بېكىنىۋالغانچە ئانچە-مۇنچە گىتار چالغىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، توختىماي ھاراق ئىچەتتى.



كۈنلەر شۇنداق قىلىپ بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋاتقان. پۇل يوقاپ كەتكىلى خېلى ئۇزاقشۇلغان مانا ھەش-پەش دېگۈچە بىر يېرىم ئاي بولدى.

مۇھەممەد ھەر كۈنى ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئاشۇ كۈنى جون ماشىنىغا ئولتۇرغان دوقمۇشقا كېلەتتى. ئۇ ئاخىرى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ مىڭبىر جاپادا جوننىڭ ئادرېسىغا ئېرىشتى. ئۇ بۇ ئۆينىڭ جوننىڭ ئۆيى ياكى ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلالماستىن ئاستاغىنە بىر ئىشىكنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستى.

جوننىڭ ئايالى ئىشقا كەتكەن بولغاچقا، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆچۈپ، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن تولىمۇ خامۇش بىر كىشى ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ دەل مۇھەممەد بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئىزدەۋاتقان «جون» ئىدى.

www.uyghurkitap.com

-بۇرادەر، مەن سىزنى ئاخىرى تاپتىم! -دېدى مۇھەممەد قۇچىقىنى ئېچىپ تۇرۇپ خۇشاللىق بىلەن.

جون كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنىڭ ئوڭمۇ ياكى چۈشمۇ ئاڭقىرالماي قېتىپلا قاراپ قالغانىدى.

ئىككەيلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە جون بۇ پەرىشتە سۈپەت كىشىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. جوننىڭ كۆزىدىن توختىماي ھاياجانلىق يېشى تۆكۈلۈۋاتاتتى.

-رەھمەت دوستۇم، مەن سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئۇ كۈنى  ئوغلۇم ئاغرىپ قالغاچقا بەكلا جىددى ئۆيگە قايتمىسام بولمايتتى. يېرىم يولدا ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھېچنىمنى ئويلىماستىن ماشىنىدىن چۈشۈپ قاپتىمەن. كەينىدىنلا چامادانىنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى بىلىپ قارىسام كىتىپ قاپسىز، شۇ كۈندىن بېرى پۇتۇنلەي كەيپىياتىم بۇزۇلۇپ بەكلا ئازاپلانغان ئىدىم.

-مەنمۇ سىزنى ئىزدەپ بىر كۈن بولسىمۇ تېزراق قولىڭىزغا تەككۈزۈش ئۈچۈن بەك تىرىشتىم . -دېدى مۇھەممەد تەبەسسۇم بىلەن:

-ئەمىسە مەن قايتاي ، ئامانەتنى قولىڭىزغا تەككۈزۈپ مەنمۇ شۇنداق يەڭگىللەپ قالدىم.

-رەھمەت دوستۇم، ئاز بولسىمۇ بۇنى ئېلىڭ! -دېدى جون قايتىشقا تەمشىلىۋاتقان ساخاۋەتچى دوستىغا ئۈچ باغلام پۇلنى تەڭلەپ تۇرۇپ.



ياق، بولمايدۇ، ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن  بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلدىم.

مۇھەممەد شۇنداق دېگىنىچە جوننىڭ تەلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ قايتتى.

جون ھەر قېتىم بۇ ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە چۈشىدە كۆرىۋاتقاندەك ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇدا بولاتتى ۋە ئاشۇ كۈنى بۇ كىشىنىڭ تۇرقىدىن ئەسكى ئادەم بولىشى مۇمكىن دەپ قىلغان گۇمانلىرىدىن خىجىللىق ھېس قىلاتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ جون مۇھەممەدنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئىككەيلەن بىللە تاماق يەپ ئولتۇرۇپ، جون مۇھەممەددىن:

-دوستۇم مەن سىزنى تۇنجى كۆرگەندە خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن. سىزنىڭ «مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن پەقەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلدىم »دېگەن سۆزلىرىڭىز ماڭا بەك تەسىر قىلدى. ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق ياخشى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن. سىزگە مۇشۇنداق ياخشى بىر پەزىلەتنىڭ ئىسلام دىنىدىن كەلدى  دەپ چۈشەنسەم بولامدۇ؟

-دەل توغرا دېدىڭىز دوستۇم، ئىسلام دىنى تولىمۇ گۈزەل ۋە مەرھەمەتلىك دىندۇر.



-ئەمىسە مەنمۇ سىز مېنى تۇنجى كۆرۈشكەندە چاقىرغان «بۇرادەرلىك »سۈپىتىگە ھەقىقى تۇردە نائىل بولۇش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا قانداق قارايسىز؟

جوننىڭ كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا مۇھەممەدكە ئەگىشىپ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ » كەلىمىسىنى ئېيتىشى بىلەن  ئىككى دوست بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ قايتا بىر كۆرۈشتى...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۆنۈكمە

1ـتېكستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ۋە مۇھىم نوقتىلىرىنى ساۋاقداشلىرىڭلار بىلەن مۇلاھىزە قىلىڭلار.

2ـتېكستنى يەنىمۇ پىششىق ئوقۇپ، تەسەۋۋۇرۇڭلاردا ئۆزۈڭلارنى «جون» نىڭ ئورنىغا قويۇپ، بىر چامادان پۇلنى يۈتتۈرۈپ قويغاندەك ھېس قىلىڭلار ھەمدە تەسەۋۋۇرۇڭلارغا ئاساسەن ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق كەيپىياتتا بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

3ـتېكستنىڭ «دوستۇم مەن سىزنى تۈنجى كۆرگەندە خاتا چۈشىنىپ قاپتىمەن.» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە يادلىۋېلىڭلار.


4ـتۇرمۇشىمىزدا بەزىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارغا يولۇقۇپ قالىمىز، سىلەر بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىساڭلار قانداق قىلىدىغانلىقىڭلار ھەققىدە بىرەر پارچە يېزىپ كېلىڭلار.

5ـمۇھەممەد بۇ بىر چامادان پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئارقىلىق نېمىلەرگە ئېرىشتى؟ مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭلار.

6ـسىلەرنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر ئەھۋالغا يولۇقۇپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر يولۇققان بولساڭلار ساۋاقداشلىرىڭلارغا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

## ئەڭ خاسىيەتلىك سۆز

چۈشەس ئۇ تىلىمدىن،
چىقماس ھەم قەلبىمدىن.
بىباھا بايلىقىم مېنىڭ،
لائىلاھە ئىللەللاھ.



يار بولدۇڭ كۆڭلۈمگە،

ئايرىلالماس بىر رەنا.

يىگانە ئاللاھتۇر پەقەت،

ھەر سۆزۈڭدە مىڭ مەنا.



چۈشمەس ئۇ تىلىمدىن،

چىقماس ھەم قەلبىمدىن.

بىباھا بايلىقىم مېنىڭ،

لائىلاھە ئىللەللاھ.

سۆيىمەن سېنى دىلدىن-يۈرەكتىن،

ئەي گۈزەل دىنىم ئىسلام.

ھەمدىلەر بولسۇن ئاللاھقا،

ئىماندۇر ماڭا بۈيۈك ئىكرام.

چۈشمەس ئۇ تىلىمدىن،

چىقماس ھەم قەلبىمدىن.

بىباھا بايلىقىم مېنىڭ،

لائىلاھە ئىللەللاھ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر تىلى بىلىملىرىدىن دەسلەپكى ئاساس

## ئىگە ۋە خەۋەر

### ☜ ئىگە

ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىنىڭ باش بۆلىكى ھېساپلىنىدۇ ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈملىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ئىككى مەنە مەركىزى ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار ئۆز-ئارا بېرىكىپ، بايانىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

جۈملىنىڭ كىم ياكى نېمە توغرىسىدا ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باش بۆلىكى ئىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىگە جۈملىدىكى بايان قىلىنغۇچىدىن ئىبارەت. ئىگە «كىم؟ كىملەر؟ قانچە؟ نەچچىسى؟ نېمىسى؟ قەيەر؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ.

مەسىلەن:

1)ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى پەرۋاز قىلدى.

2)تىلىمىزدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم تۈزۈلمەيدۇ.

3) بىز ھازىرلا يولغا چىقىمىز.

جۈملىدىكى ئىگە بىرلا سۆز بىلەنمۇ، سۆز بىرىكمىلىرى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:

1)ئابدۇۋەلى ئەلاچى بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ.

2)مائارىپ خىزمەتچىلىرى مۇكاپاتلاندى.

3)گۈليار ئاپىسىغا ياردەملەشتى.

4)يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئوقۇتقۇچىلاردىن ھال سورىدى.

## ☜ خەۋەر

جۈملىدە ئىگىنىڭ ھەرىكىتىنى بايان قىلىش رولىدا كېلىدىغان بۆلەك خەۋەر دېيىلىدۇ.

خەۋەر بىر پۈتۈن جۈملىنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ ۋە جۈملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرى بولمىسىمۇ، جۈملىگە زور تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. لېكىن خەۋەر بولمىسا، جۈملە تەشكىللەنمەيدۇ، يەنى خەۋەرسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ.

خەۋەر شەكىل جەھەتتىن بىرلا سۆزدىن تۈزۈلىشىمۇ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىشىمۇ مۇمكىن.

مەسىلەن:

1)بىز تاپشۇرۇق ئىشلىدۇق.

2)مەھمۇد كاشغەرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمىدۇر.

3)ئېغىزدا دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش-تولىمۇ قىيىن.

4)بەش يەردە بەش-يىگىرمە بەش.

5)قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى بىر مىڭ تۆت يۈز ئاتمىش كىلومېتىر.

6)مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقتىم.

7)بۇ كىتابنىڭ تىراژى بىر مىڭ بەش يۈزگە يەتتى.

### ئىشلەپ بېقىڭلار

1-تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار، تولدۇرغان سۆزۈڭلار جۈملىدە ئىگە بولسۇن.

1)مېنىڭ سەن بىلەن ----------يوق.

2)مېنىڭ -----------ئالىي مەكتەپكە كەتتى.

3)---------خەتنى چىرايلىق يازىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

4)بىزنىڭ يېزىدىن ـــــــــــــــــــهەربىي سەپكە ماڭدى.

5)كىشىنىڭ ئىشىغا تومۇزدا ـــــــــــــــــــتوڭۇپتۇ.

6)ـــــــــــــــــــئەمگەكچان خەلقتۇر.

7)ـــــــــــــــــــتاڭ سەھەردە چىللايدۇ.

8)سىزنىڭ ــــــــــــــبارمۇ؟

9)ئۇنىڭـــــــــــــــكۆپۈككە ئايلاندى.

10)ئۇنىڭ ـــــــــــــــــــقىزىرىپ كەتتى.

2ـ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئىگىسىنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، خەۋەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭلار.

1)تاڭ ئاتتى.

2)مەن يېنىك ئاتلىتىكا مۇسابىقىسى كۆرۈشكە بارىمەن.

3)كېپىنەكلەر گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ يۈرىدۇ.

4)بىز شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇق.

5)ئۇلار چۇۋۇرلىشىپ گۈلدەستە تىزىشقا باشلىدى.

6)دادام ئىلگىرى مەكتەپتە ئىشلەيتتى.

7)مەن ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

3ـ تۆۋەندىكى پارچىنى ئوقۇپ خەۋەرلەرنى تېپىڭلار.

بىر قېتىم مۇسلىمە يولدىكى يوغان بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن ساجىدە دەرھال بېرىپ مۇسلىمەنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. مۇسلىمە ساجىدەگە «رەھمەت» دېدى. ساجىدە «ئەرزىمەيدۇ!» دېدى.

مۇئەللىم سىنىپتا ساجىدەنى ماختىغانىدى، ساجىدە: «بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساۋاقداشلار قىزغىن چاۋاك چېلىپ ساجىدەنى ماختىدى.

# ئاساسى مەشىق

1ـ ئىككى گۇرۇپپىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا بىرىكتۈرۈپ جۈپ سۆز ياساڭلار ۋە ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار.

| | |
|---|---|
| دەسسەپ | ئەلەم |
| كىتاپ | قېنى |
| دەرد | چېچىپ |
| قان | دەپتەر |
| بۇزۇپ | چەيلەپ |

--------------------------------------------------

--------------------------------------------------

--------------------------------------------------

--------------------------------------------------

--------------------------------------------------

--------------------------------------------------

-------------------------------.

2ـ تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇڭلار.

**قۇچاقلىغىنىمچە/ ئىزدەپ/ چۈنكى/ چاقىرۋالدىكىن/ مەۋجۇداتنىڭ/ دەردىدە**

بۇ ---------- بىرى پەرىشتە، بىرى شەيتان.

ھويلىدا ئوينىغاندا، قاچان ئاپىمىز كۆرۈپ قېلىپ ------------،دەپ دەككە-دۈككە بولۇپ كۆڭۈللۈك ئوينىيالمايتتۇق.

مەن ئەلنى مۈرىسىدىن ------------------مېھمانخانىغا باشلىدىم .

جون ئاشۇ كۈندىكى جىددىيچىلىك ئىچىدە يوقىتىپ قويغان بىر مىليون دوللار پۇلنىڭ --------------- قاتتىق ئازاپلاندى.

www.uyghurkitap.com

-------- بۇنداق ئۆزگە تەئەللۇق بولمىغان پۇلنى ئېلىش ئۇنىڭ ئىمانى ۋە ۋىجدانىغا توغرا كەلمەيتتى.

مەنمۇ سىزنى------ بىر كۈن بولسىمۇ تىزراق قولىڭىزغا تەككۈزۈش ئۈچۈن بەك تىرىشتىم.

3-تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تاللاڭلار.

1) مۇھەممەد چامادانىدىكى پۇلنى كۆرۈپ نېمىشقا جىددىيلىشىپ كەتتى؟

**ئا:بەك قورقتى ب:بەك ھاياجانلاندى ج: بەك ئەنسىرىدى چ:بەك توڭلاپ كەتتى**

2) چامادانىدا قانچە پۇل بار ئىدى؟

**ئا: بەش مىليۇن دوللار ب:بىر مىليۇن لىرا ج:بىر مىليۇن دوللار چ:بىر مىليۇن ياۋرو.**

3) ئەگەر سىزگە بىر چامادان پۇل ئۇچراپ قالسا قانداق قىلاتتىڭىز؟

**ئا: ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتىم ب: دەرھال ئېلىپ قاچاتتىم ج: تىقىپ قوياتتىم چ: دەپ بەرمەيمەن**

4) بۇرۇن ئازارلىشىپ قالغان بىرەر دوستىڭىز بىلەن ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ھال-ئەھۋال سورىشامسىز؟

**ئا:ھەئە، ئەھۋاللىشىمەن. ب:ياق، يۈزىگىمۇ قارىمايمەن ج:تىلىمنى چىقىرىپ ئۇنى تازا مازاق قىلىمەن چ: قولۇمنىڭ ئۇچىدا كۆرۈشۈپ قويىمەن**

5) ناماز ئوقۇۋاتقاندا خىيالىڭىزغا بىرەر ئىش كېلىپ قالسا قانداق قىلىسىز؟

**ئا:شېرىن خىياللارنى سۈرىمەن ب: نامازدا خىيال قىلسا بەك پەيزى ج:خىيال قىلماسلىققا تىرىشىمەن چ:نامازنى بۇزۇپ قايتا ئوقۇيمەن**

4-تۆۋەندىكى پارچىنى ئاجرىتىپ رەتلىك قىلىپ يېزىپ بېقىڭلار.

## بىر يىل تېلىۋىزور كۆرمىگەن باللار

1996-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 1997-يىلى 3-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە، كانادانىڭ يىڭى سكوتىيە شەھرىدىكى 9ياشلىقتايلوربىلەنئۇنىڭ7ياشلىقئىنىسى ستىۋىن قەتئىتىلىۋىزوركۆرمەسلىككەئىرادە باغلاپ،پۈتۈنزېھنىبىلەن كىتاپ ئوقۇغانۋە

ئاخىرئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. بۇ بىر يىل جەريانىدائۇلار 100پارچىدىن ئارتۇقكىتابئوقۇپ، تاپشۇرۇقلىرىنياخشىئورۇنداپ، ئىككىلىسى سىنىپتىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپقالغان.

ئۆسمۈرچېغىداكىتاب ئوقۇسا، ئىلىمئۆگىنىپ، ئەقىل-پاراستىئېشىپ، ئۆمۈربويىپايدىسىنى كۆرىدۇ.

چوڭبولغانداكىتابئوقۇسا، تونۇشئۆسۈپ تىزىپېتىلىپ، تېخىمۇئەقىللىقبولىدۇ.

قېرىغانداكىتابئوقۇسا، خۇشكەيىپ، تەمكىنبولىدۇ. ئوقۇغاننىڭھوزۇرىنىكۆرىدۇ، بۇھوزۇرچەكسىزدۇر.

كىتابئوقۇشئىنسانىيەتنىڭمەۋجۇدبولۇپتۇرۇشىنىڭئەڭگۈشتەرى، كىشىلىكتۇرمۇشسەپىرىنىڭئېسىلھەمراھى.

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

------------------------------------------------------

.------------------------------------------------------

5-تۆۋەندىكى رەسىمنى ئىنچىكە كۆزىتىپ بىر پارچە يېزىڭلار.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بىلىۋېلىڭ!

هورۇنلۇق قىلماڭ، تالانت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ. ئادەتتە كاللىڭىزنى قانچە ئىشلەتكەنسېرى شۇنچە ئەقىللىق بولۇپ كېتىسىز. كاللا ئىشلىتىش ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تۆۋەنلەپ كەتمەسلىكىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرىدىن بىرى.

پىچاقنى تاشلاپ قويسا دات بېسىپ كەتكەنگە ئوخشاش، كاللىنى ئىشلەتمەي هورۇنلۇق قىلغاندا، ئەقلىي ئىقتىدار ئاجىزلاپ كېتىدۇ، شۇنداقلا مېڭە قېرىشقا باشلايدۇ. چوڭ مېڭە-ئاجايىپ چەكسىز دۇنيا. تەتقىق قىلىنىشچە، كاللىسىنى ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن ئالىممۇ ئۆمرىدە چوڭ مېڭىسىنىڭ پەقەت ئۈچتىن بىر قىسمىنىلا ئىشلىتەلەيدىكەن. تىرىشچان ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى هورۇن ئادەملەرنىڭكىدىن 50% يۇقىرى بولىدىكەن.





# قايتا تۆرەلسەم

قايتا تۆرەلسەم ئۇشبۇ دۇنياغا،
بىر لاچىن بولۇپ قونسام قىياغا.
قۇزغۇندىن قوغداپ ئانا تۇپراقنى،
كۆزەتچى بولسام ھەر بىر گىياغا.

ئاتام ئۆگەتسە ياشاشنى ماڭا،
ئانام كۆتۈرسە قولىنى دۇئاغا.
دۈشمەن  تىللىسا ئەمەسمۇ مەيلى،
خەلقىم تارتمىسا مىنى گۇناغا.

مەيلىم يوق مىنىڭ ئەتلەس-تاۋارغا،
قىيا باقماسمەن بۇلبۇلگوياغا.
شۇنداق ھاياتنى يازسا، كۈيلىسە،
شەرەپ ئەمەسمۇ قەلەم، سىياغا؟

مۇھەممەتجان راشىدىن

